بسم الله الرحمن الرحيم

# مۇندەرىجە


❖ غەلبە ۋە ئۇستۇنلۇك چۇشەنچىسى (7) ...........
ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى ................................ 3

❖ بىز ئەبرەھەنىڭ دەۋرىدە ئەمەس..................
راغىب سەرجانىي .... «ئوقۇغىن گۈرۈپپىسى» تەرجىمىسى 16

❖ «ئويدۇرۇلغان دىن» سەپسەتىسى .................
مۇھەممەد يۇسۇپ.................................. 26

❖ ئىلىم ۋە ئىماننىڭ كاراملىتى.........سەئىد ئەلئەزەمى
ئەننەدەۋىي.......ئابدۇلئەھەد ھاپىز تەرجىمىسى ........ 31

❖ چۇش ۋە رىئاللىق........ھەببۇللا تەكلىماكانىي 39

❖ تۈركىيەنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى..................
ئابدۇلئەھەد ئۇچقۇن................................. 45

❖ قازا ۋە قەدەر..... مۇھەممەد غەزالى .... سىراجىددىن
ئەزىزى تەرجىمىسى ................................ 54

❖ خالىسانە خىزمەت ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى
مۇھەممەد يۇسۇپ.................................. 61

❖ ئۇنتۇلغان ئۆلىما ئابدۇللا قارىھاجىم...............
ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەت.............................. 68

❖ قىز ـ يىگىتلەر يولىغا 50گۈلخان..................
مۇھەممەدئىمىن ھاجىم تەرجىمىسى.................... 72



المعرفة

مەرىپەت ژۇرنىلى

دىنىي، ئىلمىي، ئىجتىمائىي
ژۇرنال
(پەسىللىك)

2017

4 ـ سان
(ئومۇمىي21 ـ سان)

ژۇرنال مەسئۇلى:
سىراجىددىن ئەزىزى

مەسئۇل مۇھەررىرى:
مۇھەممەد يۇسۇپ



تەھرىر ھەيئەتلەر:
ئابدۇلئەھەد ئۇچقۇن
ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى
ئابدۇلئەھەد ئۇجات
ئابدۇلئەھەد ھاپىز
ياسىن ئابدۇلھېكىم




ئەسەر ئەۋەتىڭ
پىكىر ـ تەكلىپ بېرىڭ
ئېلخەت ئادرېسىمىز:
Meripetjournal@gmail.com



ژۇرنىلىمىزنىڭ ئېلكتاب نۇسخىسىنى
«مەرىپەت» مۇنبىرىدىن كۆرەلەيسىز



مۇنبەر ئادرېسى:
WWW. Merifet. net



# ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر سەمىگە...

1. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ماقالىلەرنىڭ مەركىزى ئىدىيىسى «ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە» ئەقىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.
2. ماقالە ۋە ئەسەرلەردە ئالغا سۈرۈلمەكچى بولغان چۈشەنچىلەر ئېنىق يورۇتۇپ بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.
3. تەرجىمە ئەسەرلەردە چوقۇم مەنبە ئەسكەرتىلىشى ۋە تەھرىر ھەيئىتىگە ئەسلى نۇسخا تەمىنلىنىشى كېرەك.
4. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلىدىغان ماقالىلەر بۇرۇن ھېچقانداق كىتاب-ژۇرناللاردا ياكى تور بەتلەردە ئېلان قىلىنمىغان بولۇشى كېرەك.
5. ژۇرنىلىمىز ۋەتىنىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلارنى، بولۇپمۇ ئىلىم ۋە دەۋەت ساھەسىدىكى ئۇستازلارنى ۋە ئىلىم ھېرىسمەنلىرىنى پىكىر ئالماشتۇرۇش، تونۇشۇش ۋە ئۆزئارا چۈشىنىش سەھنىسى بىلەن تەمىنلەشنى مەقسەت قىلغان بولغاچقا، ھەرقانداق شەخس ياكى كوللېكتىپقا قارىتىلغان ھۇجۇم خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ.
6. ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر ماقالىسىنى ژۇرنىلىمىزنىڭ مەخسۇس ئېلخەت ئادرېسىغا يوللىشى كېرەك.
7. ئاپتورلار ئەۋەتكەن ماقالىسىغا ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى، نەقىل مەنبەلىرى ئەسكەرتىلگەن بولۇشى، ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ نومۇرلىرى بەت ئاستىغا ئىزاھات سۈپىتىدە بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.
8. ماقالىلەرنىڭ ھەجمىگە چەك قويۇلمايدۇ. ناۋادا قىممىتى زور، ئەھمىيەتلىك تېمىلار بولسا ئۇدا بىر قانچە ساندا ئۇلاپ ئېلان قىلىنىدۇ.
9. ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر تاللاشتا ئەسەرنىڭ قىممىتى ۋە يوللانغان ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە تاللىنىدۇ. ئەسەر ئەۋەتىلىپ ئالتە ئايغىچە ژۇرنالدا ئېلان قىلىنمىسا ياكى ئېلخەت ئارقىلىق ئۇچۇر قىلىپ ئەسكەرتىلمىگەن بولسا ماقالىنىڭ قوبۇل قىلىنمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
10. ژۇرنىلىمىزغا يوللانغان ماقالە ئېلان قىلىنغۇچە بولغان ئارىلىقتا ھېچقانداق تور بەت ياكى ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا ئېلان قىلىنماسلىقى كېرەك.

ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەڭ ئاپتور ۋە ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىزدىن بۇ ئازغىنە ئەمگىكىمىزگە يېقىندىن ھەمدەمدە بولۇشنى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشنى، قىممەتلىك پىكىر-تەكلىپلىرىنى ئايىماسلىقىنى، ماقالە-ئەسەر ئەۋەتىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:
——«مەرىپەت» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتى

ئادرېسىمىز:
**Kamal Paşa Mahallesi Biga Sokak No. 27**
**Bodrum Kat Sefaköy Küçükçekmece istanbul**
***TEL: 0212-6243928***

ئالاھىدە ئەسكەرتىش: ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلار ئاپتورلارنىڭ كۆز قارىشى ۋە چۈشەنچىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ماقالىلارنىڭ ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنكى بارلىق ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيىتى ئاپتورلارغا خاس!




ئالدىنقى سانلاردا غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنىڭ تۈرلىرى ئۈستىدە توختالغان ئىدۇق، ئاللاھ خالىسا، بۇ ساندا غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنىڭ شەرتلىرى ئۈستىدە توختىلىمىز.

## غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنىڭ شەرتلىرى

غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈك مۆئمىنلەر شەرتلىرىنى ھازىرلىغان ھامان ئەمەلگە ئاشىدىغان ئاللاھ تائالانىڭ چىن ۋەدىسىدۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشنىڭ شەرتلىرىگە ۋە ئۇنىڭ داۋاملىشىشىنىڭ مۇھىم ئامىللىرىغا ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ، شۇ ۋەدىدىن كېيىن كاپىر بولغانلار ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر. ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار.»[①]

بۇ ئايەتلەر ئىمان ئېيتىش، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش، توغرا رەۋىشتە ئىبادەت قىلىش، شېرىك ئېتىقاد ۋە شېرىك ئەمەللەرگە قارشى كۈرەش قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت غەلىبە ۋە

① سۈرە نۇر، 55 ـ، 56 ـ ئايەتلەر.

ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىشنىڭ شەرتلىرىگە؛ ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت غەلىبە ۋە ئۇستۇنلۇكنىڭ داۋاملىشىشىنىڭ ئامىللىرىغا ئىشارەت قىلماقتا.

ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: «بوشىشىپ قالماڭلار، قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار، ئۇستۇنلۇك قازىنىسىلەر.»[①]

بۇ ئايەتلەرگە كۆرە، غەلىبە ۋە ئۇستۇنلۇكنىڭ شەرتلىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

## بىرىنچى: ئىمان ئېيتىش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش

ئىمان ئېيتىش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش غەلىبە ۋە ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىشنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپلەردە ئىماننىڭ ئاساسلىرى، سۈپەتلىرى، شەرت ۋە تەلەپلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «پەقەت ئاللاھ ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل مۇئمىنلەردۇر. ئۇلار (مۇكەممەل رەۋىشتە) ناماز ئوقۇيدۇ، بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن پۇل ـ مالدىن (بىزنىڭ يولىمىزدا) سەرپ قىلىدۇ. ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۇئمىنلەردۇر.»[②]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئىمان يەتمىش نەچچە شاخچە بولۇپ، ئەۋزىلى لائىلاھە ئىللەللاھ دېيىش، تۆۋىنى يولدىن ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىشتۇر، ھايا ئىماندىن بىر شاخچىدۇر.»[③]

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇلقەيس ۋەكىللىرىدىن: «ئىمان نېمە بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىغان. ئۇلار: «ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئوبدان بىلىدۇ» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، دەپ گۇۋاھلىق بېرىش؛ (مۇكەممەل رەۋىشتە) ناماز ئوقۇش؛ زاكات بېرىش؛ رامىزان روزىسىنى تۇتۇش؛ ئولجا ئېلىنغان نەرسىنىڭ بەشتىن بىرىنى بېرىشتۇر»[④] دېگەن.

سەيىد قۇتۇب رەھىمەھۇللاھ

① سۈرە ئال ئىمران، 139 ـ ئايەت.

② سۈرە ئەنفال 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئايەتلەر.

③ رواه مسلم، كتاب الإيمان، باب: بيان عدد شعب الإيمان (63/1) رقم 57.

④ رواه البخاري، كتاب الإيمان، باب: أداء الخمس من الإيمان (23/1) رقم 53.

مۇنــداق دەيــدۇ: «كامــىل ئىمــان ئىنسانىنىڭ دىلىغا ئورۇنلاشــقان هامــان ئىنسانىي ياخشــى ئەمەللەرنــى قىلىشــقا ئۈندەيدۇ ۋە هەرىكەتلەندۈرىدۇ، كامىل ئىمان نېسىپ بولغان كىشى هــاۋايى - هەۋەستىن پۈتۈنلەي قول يىغىپ، ئاللاھ ۋە ئاللاهنىڭ رەسۇلىغا تولۇق ئىتــائەت قىلىدىغان بولىدۇ.»[1]

«لائىــلاهە ئىللەلــلاھ، مــۇهەممەد رەســـۇلۇللاھ» دېـــگەن تەۋهـــىد كەلىمىسىنىڭ مەنىسى ئــاللاهتىن باشــقا ئىبادەتكە لايىق زات يــوق، مــۇهەممەد ئەلەيهىسســالام ئاللاهنــىڭ پەيغەمبــىرى دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنى چــىن دىلىدىن قوبۇل قىلغــان كىشــى بــارچە مەبــۇدلارنى ئىنكــار قىلىــپ، پەقەت ئــاللاهقىلا ئىمــان ئېيتــىپ، مەهــكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ. «كىمكى تاغۇت (يەنى ئاللاهتىن باشقا بارچە مەبــۇد)نى ئىنكـــار قىلىــپ، ئاللاهقـــا ئىمـــان ئېيتىدىكەن، ئــۇ ســۇنماس، مەهــكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ.»[2]

تەۋهىد كەلىمىســى ئــاللاھ نازىــل قىلغــان قۇرئانغــا ئەگىشىشــنى تەلەپ قىلــىدۇ. «(ئــى ئىنســانلار!) ســىلەر پەرۋەردىگــارىڭلار تەرىپــىدىن ســىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغــا) ئەگىشــــىڭلار، ئــــاللاهنى قويــــۇپ، (جىنلاردىن ۋە ئىنســانلاردىن بولغــان، ســـىلەرنى ئازدۇرىـــدىغان) دوســـتلارغا ئەگەشمەڭلار، سىلەر ۋەز - نەسىهەتنى ئاز قوبۇل قىلىسىلەر.»[3]

تەۋهـــىد كەلىمىســـى جــاهىلىيەت دەۋرىنىڭ هۆكۈملىرىدىن ۋاز كېچىشــنى تەلەپ قىلىــدۇ. «ئــۇلار جــاهىلىيەت دەۋرىنــىڭ هــۆكمىنى تەلەپ قىلامــدۇ؟ (ئاللاهقا) چىن ئىشــىنىدىغان قەۋمنــىڭ نەزىرىدە هۆكۈمدە ئــاللاهتىنمۇ ئادىــل كىم بار؟»[4]

تەۋهىد كەلىمىسى ئىسلام دىنىــدىن باشــقا هېچقانــداق دىننــى قوبــۇل قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىــدۇ. «كىمكــى ئىســـلام (دىنىـــدىن) باشـــقا دىننـــى تىلەيدىكەن، (ئۇنــىڭ دىنــى) هەرگــىز قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيــان تارتقۇچىدۇر.»[5]

ئۆلىمالار تەۋهىد كەلىمىسىنىڭ ئــۆز ئىگىسىگە مەنپەئەتى بولۇشــى ئۈچــۈن، تۆۋەنــدىكى يەتــتە شــەرت تېپىلىشــى لازىملىقىنى بايان قىلىدۇ:

ئەلــۋەتتە بــۇ يەردە ئوتتۇرىغـــا قويۇلغان شەرتلەرنى قارىســىغا يــادلاش مەقســـەت قىلىنمايــدۇ. بەزىـــلەر بـــۇ شەرتلەرنى ســۇدەك يادلىغــان بــىلەن، ئۇنىڭغــا زىــت كېلىــدىغان ئىشــلارنى

[1] في ظلال القرآن (4/2528).
[2] سۈرە بەقەرە، 256 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئەئراف، 3 ـ ئايەت.
[4] سۈرە مائىدە 50 ـ ئايەت.
[5] سۈرە ئال ئىمران، 85 ـ ئايەت.

قىلىدۇ. يەنە بەزىلەر بۇ شەرتلەرنى يادىغا ئوقۇپ بېرەلمىسىمۇ، ئەمما ئۇ شەرتلەرگە تولۇق رىئايە قىلىدۇ.[1] ۋەھب ئىبنى مۇنەببىھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ «لائىلاھە ئىللەللاھ» جەننەتنىڭ ئاچقۇچى ئەمەسمۇ؟ دەپ سورىغان كىشىگە مۇنداق جاۋاب بەرگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «ئەلۋەتتە شۇنداق، لېكىن ھەرقانداق بىر ئاچقۇچنىڭ چىشلىرى بولىدۇ، ئەگەر چىشلىرى تولۇق ئاچقۇچنى ئېلىپ كەلسىڭىز ئىشىك ئېچىلىدۇ، بولمىسا ئېچىلمايدۇ.»[2]

بۇ ئاچقۇچنىڭ چىشلىرى بولسا «لائىلاھە ئىللەللاھ»نىڭ تۆۋەندىكى شەرتلىرىدۇر:

بىرىنچى شەرت: تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ مەنىسىنى ۋە مەزمۇنلىرىنى مۇكەممەل بىلىش. «بىلگىنكى، ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر»[3]

ئىككىنچى شەرت: تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ مەنىسىگە ۋە مەزمۇنلىرىغا شەكسىز ئىشىنىش. «شۈبھىسىزكى، (ھەقىقىي) مۇئمىنلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن (ئىماندا) شەك كەلتۈرمىگەن، ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر، ئەنە شۇلار (ئىمان دەۋاسىدا) راستچىللاردۇر»[4]

ئۈچىنچى شەرت: تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ مەنىسىنى ۋە مەزمۇنلىرىنى تىلى ۋە دىلى بىلەن قوبۇل قىلىش. ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكىلەردىن بۇ كەلىمىنى قوبۇل قىلغانلارنى قۇتقۇزۇپ، ئىنكار قىلغانلارنى قاتتىق جازالىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «(ھەر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىگە) ‹ئاتا ـ بوۋاڭلار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن دىنغا قارىغاندا ئەڭ توغرا بىر دىننى كەلتۈرسەممۇ يەنىلا ئاتا ـ بوۋاڭلارغا ئەگىشەمسىلەر؟› دېدى. ئۇلار: ‹سىلەر ئېلىپ كەلگەن دىنغا ئىشەنمەيمىز› دېيىشتى. بىز ئۇلارنى جازالىدۇق، (توغرا يولنى) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىن»[5]

تۆتىنچى شەرت: تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ مەنىسىگە ۋە مەزمۇنلىرىغا مۇتلەق ئىتائەت قىلىش. «پەرۋەردىگارىڭلار تەرەپكە قايتىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار.»[6]

بەشىنچى شەرت: تەۋھىد كەلىمىسىنى ئېتىقادىدا چىن دىلىدىن

[1] معارج القبول للشيخ الحافظ الحكمي (418/1).
[2] رواه البخاري، كتاب الجنائز، باب: من كان آخر كلامه: لا إله إلا الله (87/2).
[3] سۈرە مۇھەممەد، 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ھۇجرات 15 ـ ئايەت.
[5] سۈرە زۇخرۇف، 23 ـ ، 24 ـ ، 25 ـ ئايەتلەر.
[6] سۈرە زۇمەر، 54 ـ ئايەت.

تەستىق قىلىپ تۇرۇپ ئېيتىش. «كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەندۇق دېگۈچىلەر بار، ھەقىقەتتە ئۇلار ئىشەنمەيدۇ. ئۇلار ئاللاھنى ۋە مۆئمىنلەرنى ئالدىماقچى بولىدۇ، ھەقىقەتتە ئۇلار تۇيماستىن ئۆزلىرىنىلا ئالدايدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرىدا كېسەل (يەنى مۇناپىقلىق ۋە شەكلىنىش) بار، ئاللاھ ئۇلارنىڭ كېسىلىنى كۈچەيتىۋەتتى؛ يالغان سۆزلىگەنلىكلىرى (يەنى يالغاندىن ئىماننى دەۋا قىلغانلىقى ۋە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلغانلىقى) ئۈچۈن ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.»[1]

ئالتىنچى شەرت: تەۋھىد كەلىمىسىنى ئېيتقاندا دىلىنى رىيا ۋە شېرىك ئەقىدىلەردىن ساپلاشتۇرۇش. «ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى.»[2]

فۇزەيل ئىبنى ئىياز مۇنداق دەيدۇ: «ئەمەل خالىس بولۇپ، توغرا بولمىسا ياكى توغرا بولۇپ، خالىس بولمىسا قوبۇل قىلىنمايدۇ، قوبۇل بولۇش ئۈچۈن ئەمەل خالىس ۋە توغرا بولۇش كېرەك. ئەمەلنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن بولغىنى خالىس بولغىنىدۇر، سۈننەتكە ئۇيغۇن بولغىنى توغرا بولغىنىدۇر.»[3]

يەتتىنچى شەرت: تەۋھىد كەلىمىسىنى، بۇ كەلىمە تەقەززا ۋە دالالەت قىلغان مەنە ۋە مەزمۇنلارنى، بۇ كەلىمىنىڭ شەرتلىرىگە ئەمەل قىلغان مۆئمىنلەرنى ياخشى كۆرۈش ۋە دوست تۇتۇش. «بەزى ئادەملەر ئاللاھتىن غەيرىيلەرنى (يەنى بۇتلارنى) ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالىدۇ، ئۇلارنى (مۆئمىنلەرنىڭ) ئاللاھنى دوست تۇتقىنىدەك دوست تۇتىدۇ، (يەنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇلارغا بويسۇنىدۇ). مۆئمىنلەر ئاللاھنى ھەممىدىن بەك دوست تۇتقۇچىلاردۇر.»[4]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «ئۈچ خىسلەت بار، بۇ ئۈچ خىسلەت كىمدە بولسا، شۇ كىشى ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تاپىدۇ، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى ھەممە نەرسىدىن سۆيۈملۈك بولۇش؛ بىر ئىنساننى ياخشى كۆرسە، ئۇنى پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا ياخشى كۆرۈش؛ ئاللاھ كۇفرىدىن قۇتقۇزغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قايتىشنى ئوتقا تاشلىنىشنى يامان كۆرگەندەك يامان كۆرۈش.»[5]

شەيخ ھافىز رەھمەھۇللاھ مۇنداق

---

[1] سۈرە بەقەرە، 8 ـ، 9 ـ، 10 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە بەييىنە، 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] مجموع الفتاوى (124/3).
[4] سۈرە بەقەرە 165 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] صحيح البخاري، كتاب الإيمان، باب: حلاوة الإيمان (11/1) رقم 16.

دەيدۇ: ئۆزىنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسىگە خىلاپ بولغان تەقدىردىمۇ، رەببىنىڭ ياخشى كۆرگىنىنى ياخشى كۆرۈش؛ ھاۋايى ـ ھەۋەسى مايىل بولغان تەقدىردىمۇ رەببىنىڭ يامان كۆرگىنىنى يامان كۆرۈش؛ ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنى دوست تۇتقاننى دوست تۇتۇش؛ ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنى يامان كۆرگەننى يامان كۆرۈش؛ ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئەگىشىش؛ ئۇنىڭ ئىزىدا مېڭىش؛ ئۇنىڭ يولىنى قوبۇل قىلىش قاتارلىقلار بەندىنىڭ رەببىنى ياخشى كۆرگەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر.»①

ئىمان بولمىغان كىشى بوران ئېغىزىدىكى پەيگە ئوخشاش تۇراقسىز بولىدۇ، دۇنيادا چاھارپايلاردەك ياشايدۇ. دىن ۋە ئىماندىن مەھرۇم جەمئىيەت، مەدەنىيەت ۋە پاراۋانلىقتا يۇقىرى پەللىگە يەتكەن تەقدىردىمۇ، زۇلمەتلىك جەمئىيەت بولۇپ، ئۇنداق جەمئىيەتتە نوپۇز ياخشىلارغا ئەمەس، بەلكى كۈچلۈكلەرگە مەنسۇپ بولىدۇ. بۇنداق جەمئىيەت ئەھلىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قورساقلىرىنى تويغۇزۇش ۋە نەپسى ھەۋەسلىرىنى قاندۇرۇشتىن باشقا غېمى بولمايدۇ. «كاپىرلار (ھاياتى دۇنيادا ئۇنىڭ لەززەتلىرىدىن) بەھرىمەن بولىدۇ ۋە چاھارپايلاردەك يەپ ـ ئىچىدۇ، (ئاخىرەتتە) ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ.»②

كامىل ئىمان ئىنسانغا ئاللاھ يولىدا ياخشى كۆرۈش تەبىئىتىنى ئاتا قىلىدۇ، مۇئمىنىنىڭ ئىمانى كۈچەيگەنسېرى ئاللاھ يولىدا ياخشى كۆرۈش تەبىئىتى كۈچىيىدۇ. ئاللاھ يولىدا ياخشى كۆرۈش جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاشنىڭ، جەمئىيەتنى ياخشى كونترول قىلىشنىڭ ۋە ھەق ـ ھوقۇقلارغا رىئايە قىلىشنىڭ بىردىنبىر كاپالىتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مۇئمىن بولمىغىچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، ئۆزئارا دوست بولمىغىچە مۇئمىن بولالمايسىلەر. سىلەرنى ئۆزئارا دوست بولۇشۇڭلارغا تۈرتكە بولىدىغان ئىشقا باشلاپ قويايمۇ؟ ئاراڭلاردا سالامنى ئومۇملاشتۇرۇڭلار.»③

ئاللاھ يولىدا ياخشى كۆرۈش ئاللاھ ياخشى كۆرگەننى ياخشى كۆرۈش، يامان كۆرگەننى يامان كۆرۈش بىلەن بولىدۇ.④

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھنى ھەقىقىي ياخشى كۆرگەن، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان ۋە توغرا رەۋىشتە ئىبادەت قىلغان كىشى ئىمانى ئەڭ مۇكەممەل كىشى ھېسابلىنىدۇ.⑤

① كتاب الإيمان وأثره في الحياة، د. القرضاوي، ص5ـ12.

② سۇرە مۇھەممەد، 12 ـ ئايەت.

③ رواه مسلم، كتاب الإيمان، بيان لا يدخل الجنة إلا المؤمنون (74/1) رقم 93.

④ مجموعة التوحيد، ص 422ـ423.

⑤ مجموعة التوحيد، ص 422، 423.

ئاللاھ تائالا ئىمان رىشتىسىنى قان، رەڭ، تىل رىشتىلىرىدىن ئۈستۈن قىلدى، ئىنسانلارنىڭ پەرق ئۆلچىمىنىڭ نەسەپ بىلەن ئەمەس، بەلكى تەقۋالىق ۋە ياخشى ئىش بىلەن ئۆلچىنىشتىن ئىبارەت ئادىل ئۆلچەمنى تۇرغۇزۇپ بەردى. «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.»①

كامىل ئىمان ئەگەشكۈچىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئەمەل قىلىدىغان قېرىنداشلاردىن قىلىپ يېتىشتۈردۇ. «ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ دىنىغا مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار. ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆزئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى، ئاللاھنىڭ نېمىتى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار، سىلەر دوزاخ چۇقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى (ئىسلام ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى. سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ.»②

ئىماننى توغرا چۈشىنىش ئىنساننىڭ غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشىدە ئالاھىدە رول ئوينايدۇ.

ئىمان ئىنسانغا قەدىر-قىممەت، ھىممەت، ھەرىكەت ۋە بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ، ئىنساننى ئىززەت ۋە ئۈستۈنلۈك يوللىرىغا باشلايدۇ.③

## ئىككىنچى: توغرا رەۋىشتە ئىبادەت قىلىش

توغرا رەۋىشتە ئىبادەت قىلىش غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشنى ئىزدىگەن ھەرقانداق بىر جامائەتتىن ئاۋۋال ئىبادەت ئۇقۇمىنى توغرا چۈشىنىشى ئاندىن ئۇنى مىللەتنىڭ جان تومۇرلىرىغىچە سىڭدۈرۈشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئىبادەت دېگەن سۆز لۇغەتتە بويسۇنۇش، ئىتائەت قىلىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلىسە، شەرىئەتتە ئاللاھ

① سۈرە ھۇجرات، 13-ئايەت.

② سۈرە ئال ئىمران، 103-ئايەت.

③ في ظلال الإيمان، ص 63.

تائالا ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ①

دوكتۇر يۇسۇف قەرداۋىي مۇنداق دەيدۇ: «ئىبادەت دىنىنىڭ، شۇنداقلا ھاياتلىقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغىنىدەك، مۇئمىن-مۇسۇلماننىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن پۈتۈن ئىش-پائالىيەتلىرىنى، تىلىنىڭ ۋە دىلىنىڭ ئەمەللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.» ②

ئىبادەت ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىماننى نامايان قىلىش ۋە ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان ھېسابسىز نېمەتلەرگە شۈكۈر ئادا قىلىش يۈزىسىدىن ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلغان ھالدا ئورۇندايدىغان بەندىچىلىك بۇرچىدۇر.

پۈتۈن ھاياتلىق ساھەلىرىدە ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن ۋە بۇيرۇغان بويىچە ئىش كۆرگەن مۇئمىن-مۇسۇلماننىڭ كېچە-كۈندۈزى، ھەرىكەت ۋە سۈكۈناتلىرى، شۇنداقلا ھاياتىنىڭ بارلىق دەقىقىلىرى ئىبادەت ئىچىدە بولغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىدىن مانا مۇشۇ ئىبادەتنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىسلامدا ئىبادەتنىڭ كۆپ قىلىنىشىغا ئەمەس، بەلكى ئىبادەتنىڭ تەلەپكە لايىق مۇكەممەل قىلىنىشىغا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. ③

ئىلگىرىكىلەر ئىبادەت ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئىنساننىڭ ھاياتىدا ئىبادەت دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق دەپ ئىبادەتنى كەڭ ۋە ئومۇمىي مەنىدە چۈشەنگەن بولۇپ، ئۇلار بۇ چۈشەنچە بىلەن يېرىم ئەسىرگىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن زېمىنلارنى پەتھە قىلىپ، تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئۇتۇقى ئۇلار پەتھە قىلغان زېمىنلارلا ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ نۇرى بىلەن ھىدايەت تېپىپ، توپ-توپ بولۇپ ئىسلامغا كىرگەنلەرنىڭ دىللىرىنى قازانغانلىقىدۇر. ئەپسۇسكى، كېيىنكىلەر ئىبادەتنى تار ۋە چولتا مەنىدە چۈشىنىشىپ ھازىرقى ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرگە دۇچ كەلدى، رەھبەرلىك ئورنىنى يوقىتىپ، قۇللۇققا، خار-زەبۇنلۇققا مەھكۇم بولدى، باشقىلارنىڭ ئالدىدا كۆپۈككە ئايلىنىپ، بۆرىلەر ئولجىسىنى چىشلىگەندەك، ئۇلارنىڭ تەرەپ-تەرەپتىن چىشلەيدىغان

① شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ «ئەل ئۇبۇدىيە» ناملىق ئەسىرى 1-بەت.

② دوكتۇر يۇسۇف ئەل قەرداۋىينىڭ العبادة في الإسلام ناملىق ئەسىرىدىن.

③ ئۇستاز مۇھەممەد يۇسۇپنىڭ «ئىبادەت ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى» دېگەن ماقالىسىدىن.

ئۆلچىسى بولۇپ قالدى.[①]

ئىبادەتنى ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەج قاتارلىق ئىبادەتلەرگىلا قىسقارتىپ چۈشىنىۋالغاندا ئۇنىڭ تولۇق مەنىسى ئوتتۇرىغا چىقماي قالىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلار مەزكۇر ئىبادەتلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. «قۇرئان كەرىم»دىكى «رەببىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار.»[②] دېگەن ئايەت ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىڭلار، ئۇنىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە ئىش قىلىڭلار دېگەنلىك بولۇپ، ھاياتىڭلارنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا ئۇدۇللاپ، ئۇنىڭ بۇيرۇغىنى ۋە تەلەپ قىلغىنى بويىچە ياشاڭلار دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئىبادەتنىڭ ئومۇمىي مەنىسى بولۇپ، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش قاتارلىق ئىبادەتلەر ئىسلامدىكى ئومۇمىي ئىبادەتنىڭ بىر قىسمىدۇر، خالاس[③].

مۇسۇلمانلار ئاللاھنىڭ غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈك ھەققىدىكى ۋەدىسىگە ھەقلىق بولۇش ئۈچۈن، پۈتۈن ھاياتىنى ئاللاھنىڭ يولىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، ھاياتىنىڭ پۈتۈن دەققىلىرىنى ئىبادەتكە ئايلاندۇرۇشى لازىم.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئاجىزلىشىپ، دۈشمەنلىرى ئالدىدا مەغلۇب بولۇشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىنىڭ بىرى ئىبادەت ئۇقۇمىنى توغرا ۋە ئومۇمىي مەنىدە چۈشىنىپ ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىر شەرتنى يوقاتقانلىقىدۇر.

ئىسلامدا يولغا قويۇلغان ئىبادەتلەرنىڭ ساناپ تۈگەتكۈسىز ئەھمىيەت ۋە غايە-مەقسەتلىرى بار بولۇپ، ئۆلىمالار ئىبادەتنىڭ ئەسلى مەقسىتىنىڭ ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ۋە ئالىي دەرىجىلەرگە ئېرىشىشنى ئىزدەپ داۋاملىق ئاللاھقا يۈزلىنىش ئىكەنلىكىنى، ئىبادەتنىڭ يەنە نەپسىنى ئىسلاھ قىلىش، پەزىلەتنى قولغا كەلتۈرۈش قاتارلىق قوشۇمچە مەقسەتلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى بايان قىلىدۇ. بىز ئىبادەتنىڭ ئەھمىيەت ۋە غايە-مەقسەتلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگىنىمىزدە، ئىبادەتنىڭ ئېتىقادنى مۇستەھكەملەش، ئەخلاق ۋە قىممەت قاراشنى يېتىلدۈرۈش، جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش قاتارلىق ئەھمىيەتلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى تونۇپ يېتىمىز.

ئىنسانلارنىڭ توغرا رەۋىشتە ئىبادەت

---

① مفاهيم ينبغي أن تصحح: لمحمد قطب، ص 173.

② سۈرە بەقەرە 23- ئايەت.

③ ئۇستاز مۇھەممەد يۇسۇپنىڭ «ئىبادەت ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى» دېگەن ماقالىسىدىن.

قىلىشى ئۈچۈن، «قۇرئان كەرىم»دە ئىبادەتنىڭ ھەقىقىتىنى بايان قىلىپ بېرىش، توغرا رەۋىشتە ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىش قاتارلىقلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلدى. شۇنىڭدەك، ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ شەرتلىرى ۋە بۇ شەرتلەرگە رىئايە قىلىنىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى بايان قىلىندى، ئۇلار شېرىك ئېتىقاد ۋە شېرىك ئەمەللەردىن، ئىبادەت ئۇقۇمىنى خاتا چۈشىنىشتىن ئاگاھلاندۇرۇلۇپ، ئىبادەت ئۇقۇمىنى توغرا چۈشۈنۈشكە يۈزلەندۈرۈلدى. ئىبادەتنىڭ شەخس ۋە كوللېكتىپنى ئىسلاھ قىلىشتىكى رولى جانلىق گەۋدىلەندۈرۈلدى.

ئىنسان ئىبادەت ئۇقۇمىنى توغرا چۈشەنمىگەندە، ئاللاھقا خالىس، توغرا رەۋىشتە ئىبادەت قىلىشتىن چەتنەپ كېتىپ، ھاۋايى-ھەۋەسنىڭ، تۈرلۈك خۇراپاتلارنىڭ ۋە تاغۇت-زالىملارنىڭ قۇللىرىغا ئايلىنىپ قېلىپ، غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش نېمىتىدىن ئەبەدىي مەھرۇم قالىدۇ.

## ئۈچىنچى: شېرىككە قارشى كۈرەش قىلىش

شېرىكنىڭ بارلىق شەكىل ۋە تۈرلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىش غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىپ، ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى ھۆكۈمران قىلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان ھەرقانداق بىر جامائەتنىڭ شېرىكنىڭ ھەقىقىتىنى، تۈرلىرىنى، خەتىرىنى، باتىللىقىنىڭ دەلىل-پاكىتلىرىنى تولۇق بىلىشى ئىنتايىن زۆرۈر. چۈنكى بۇلارنى بىلىشنىڭ شېرىككە چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىنىش، باشقىلارنى ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى تەۋھىد ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىش قاتارلىق نۇرغۇن پايدىلىرى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلىمالار ئۇلارنى خەلققە تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن.

ئۇنداقتا شېرىك دېگەن نېمە؟ ئۆلىمالار ئاللاھقا ئىبادەت قىلغاندەك مەخلۇققا ئىبادەت قىلىش ياكى ئاللاھنى ئۇلۇغلىغاندەك مەخلۇقنى ئۇلۇغلاش ۋە ياكى ئاللاھنىڭ ئىلاھلىق خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرىنى مەخلۇققا مەنسۇپ قىلىش شېرىكتۇر دېگەن. ئۇلار شېرىكنى كىچىك شېرىك، چوڭ شېرىك دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىغان.

«قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپلەردە شېرىكنىڭ ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكى، ئۇنىڭغا مۇپتىلا بولغۇچى ھەقىقىي تەۋبە قىلمىغۇچە گۇناھى مەغپىرەت قىلىنمايدىغانلىقى، مۇشرىكنىڭ ئەڭ ئازغۇن ئىنسان بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغانلىقى قاتارلىقلار

بايان قىلىنىدۇ: «ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ.»①

شۇنىڭدەك، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ ئىنساننىڭ بارلىق ئەمەللىرىنى بىكار قىلىۋېتىدىغانلىقى تەكىتلىنىدۇ. «ئەگەر سەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرسەڭ، سېنىڭ ئەمەلىڭ ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ، سەن ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن.»②

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: «كىمكى ئاللاھقا بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرگەن ھالدا ئۆلۈپ كەتسە، دوزاخقا كىرىدۇ.»③

ئەبۇ بەكرەتە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: «سىلەرگە ئەڭ چوڭ گۇناھلارنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا ـ ئانىلارنى قاقشىتىش ۋە يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتۇر» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر نەرسىگە يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئىدى، ئاندىن تىك ئولتۇرۇپ ″يالغان گۇۋاھلىق بېرىش″ دېگەن سۆزنى بىر قانچە قېتىم تەكرارلىدى، ھەتتاكى بىز كاشكى توختىغان بولساكەن دېيىشىپ كەتتۇق.④

ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىكنىڭ گۇناھى تەۋبىسىز مەغپىرەت قىلىنمايدىغان گۇناھتۇر، ئەمما شېرىكتىن باشقا گۇناھلار ئىگىسى تەۋبە قىلماي ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنداق كىشى ئاللاھنىڭ خالىشى ئاستىدا بولۇپ، ئاللاھ خالىسا ئازابلايدۇ، خالىسا مەغپىرەت قىلىدۇ.

شېرىكنى ھەرقانداق ساغلام تەبىئەت رەت قىلىدۇ، ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئىنسانىيەت ئۇزۇن ئەسىرلەر تەۋھىد ۋە ھىدايەت ئۈستىدە ياشىغان بولۇپ، كېيىن شەيتانلار ئۇلارغا تۈرلۈك يامانلىقلارنى ئۆگەتتى. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى، ئارىسىدىكى سالىھ كىشىلەرنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىگە قاتتىق قايغۇرۇۋاتقاندا ئىبلىس كېلىپ، ئۇلارنى ئۆلۈپ كەتكەن سالىھ كىشىلەرنى ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەيكەللىرىنى ياساشقا بۇيرۇيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش، چوڭ

① سۈرە نىسا، 48 ـ ئايەت.
② سۈرە زۇمەر 65 ـ ئايەت.
③ مسلم، كتاب الإيمان، باب: من مات لا يشرك بالله شيئًا (94/1) رقم 92.
④ مسلم، كتاب الإيمان، باب: بيان الكبائر (91/1) رقم 143.

يامانلىقنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالىدۇ. بۇ مەقسەتتە ئۇلارنىڭ ھەيكەللىرىنى ياسىغانلار ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، نادانلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆلۈپ كەتكەن سالىھ كىشىلەرنىڭ ھەيكەللىرىگە چوقۇنۇشقا باشلايدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى بۇ شېرىكتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ بۈيۈك كۈننىڭ (يەنى قىيامەت كۈنىنىڭ) ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن قورقىمەن.»[1]

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى تەۋھىد دىنى بىلەن ياراتقان، لېكىن شەيتانلار ئۇلارنى ئازدۇرۇپ شېرىك پاتقىقىغا سۆرەپ كىرگەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن، ئاللاھنىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنكى) ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، ئاللاھنىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بۇ توغرا دىندۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ.»[2]

شېرىك ئىنساننى دۇنيادا خار-زەبۇنلۇققا، ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلىدۇ، ھەقىقىي ئىمان مۇئمىنلەردىن داۋاملىق شېرىككە قارشى كۈرەش قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

مۇئمىنلەر غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنىڭ شەرتلىرىنى تولۇق ئورۇندىغان ھامان ئاللاھنىڭ ۋەدىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىدا شەك يوق. چۈنكى ئاللاھ ۋەدىسىگە ئەڭ ۋاپا قىلغۇچى زاتتۇر.[3]

شېرىكنىڭ ئىنساننىڭ پىترەت نۇرىنى ئۆچۈرۈش، نەپسىنى پەسلەشتۈرۈش، ئىززەت-شەرىپىنى چۈشۈرۈش، بىرلىكنى پارچىلاش، ئەمىلىنى بىكار قىلىۋېتىش قاتارلىق نۇرغۇن سەلبىي تەسىرلىرى بار بولۇپ، مانا بۇ سەلبىي تەسىرلەر شەخس ۋە جەمئىيەتنى غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشتىن يىراقلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

## تۆتىنچى: تەقۋادار بولۇش

تەقۋادارلىق غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. تەقۋادارلىقنىڭ دۇنيا-ئاخىرەتلىك كاتتا مېۋىلىرى بار بولۇپ، بۇ مېۋىلەر ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى ھۆكۈمران قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدىغان ھەرقانداق شەخس ۋە جامائەتتە نامايان بولىدۇ. تەقۋادارلىق بەندىنى ئاللاھنىڭ ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدىغان؛ ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇپ، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشنى

[1] سۈرە ئەئراف 59-ئايەت.
[2] سۈرە رۇم 30-ئايەت.
[3] في ظلال القرآن (2530/4).

تەرك ئېتىدىغان قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ. تەقۋادارلىق بەندىنى پاراۋانلىققا، غەلىبە ۋە ئۇستۇنلۇككە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ھالاك قىلىنغان) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادار بولغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاسمان-زېمىنىنىڭ پاراۋانلىقلىرىغا مۇيەسسەر قىلاتتۇق، لېكىن ئۇلار (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلدى، شۇڭا ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدۇق.»[①]

«قۇرئان كەرىم»دە تەقۋادارلىقنىڭ ئىنساننى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش چارىسىنى تېپىشىغا، رىزقىنىڭ كەڭ بولۇشىغا، پايدىلىق مول ئىلىملەرگە، ھەق بىلەن باتىلنىڭ ئوتتۇرىسىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان دىت ۋە زېرەكلىككە، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ خۇش خەۋەرلىرىگە، ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەببىتىگە، قىيىن ئىشلىرىنىڭ ئاسانلىشىشىغا، ئاللاھنىڭ قوللىشىغا ۋە ياردىمىگە، ئاسمان-زېمىنلارنىڭ بەرىكەتلىرىگە، دۈشمەنلىرىنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىدىن ساقلىنىشىغا، پەرزەنتلىرىنىڭ قوغدىلىشىغا، ياخشى ئەمەللىرىنىڭ قوبۇل بولۇشىغا، دۇنيا-ئاخىرەت ئازابلىرىدىن قۇتۇلۇشىغا، گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىغا ۋە كاتتا ساۋابقا، جەننەت ۋارىسلىرىدىن بولۇشىغا، ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئىززەت-ئىكرام بىلەن بېرىشىغا، جەننەتنىڭ بۇلاقلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشىغا ۋە جەننەتتە مەڭگۈ ياشىشىغا نائىل قىلىشتىن ئىبارەت دۇنيا-ئاخىرەتلىك مېۋىلىرى بايان قىلىنىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە تەقۋادارلارنىڭ ئىمانىدا راستچىل بولۇش، دىنىي ئىشلارنى ئۇلۇغلايدىغان بولۇش، بەرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىك تۈپەيلىدىن ئادالەتتىن چەتنەپ كەتمەستىن ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلىش، راستچىللارنىڭ سېپىدا تۇرىدىغان بولۇش، ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىدىغان بولۇش، ئاچچىقنى يۇتىدىغان ۋە كەچۈرۈم قىلىدىغان بولۇش؛ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئۇچرىغاندا دەرھال ئاللاھنى ئېسىگە ئېلىپ ۋەسۋەسىلەردىن يىراق بولۇش قاتارلىق بەزى سۈپەتلىرىمۇ بايان قىلىنىدۇ.

مانا بۇ سۈپەتلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ، غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنىڭ يۇقىرىدىكى شەرتلىرىنى ھازىرلىغانلار ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ۋەدە قىلغان غەلىبە ۋە ئۇستۇنلۇككە لايىق بولغۇچىلاردۇر.

-داۋامى كېيىنكى ساندا...

① سۈرە ئەئراف 96-ئايەت.



# بىز ئەبرەھەنىڭ دەۋرىدە ئەمەس

راغىب سەرجانىي

تەرجىمىدە: ئوقۇغىن گۆرۈپپىسى

ئاللاتائالا ئىسلام ئۈممىتىنىڭ غەلىبە قازىنىشى ئۈچۈن بىر نەچچە شەرتنى بەلگىلىدى. ئەگەر شەرتلەر تېپىلسا ئاللاھنىڭ ياردىمى كېلىدۇ. شەرتلەر تېپىلمىغاندا ئەھۋال دەل ئەكسىچە بولىدۇ. ئىسلام ئۈممىتى ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، ئەھۋالى ياخشىلىققا قاراپ يۈزلىنىشى ئۈچۈن غەلىبە شەرتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى لازىم.

ئەبرەھە ۋەقەلىكى ھەممىگە ئايان مەشھۇر بىر ۋەقەلىك. ئەبرەھە يەمەن پادىشاھى ئىدى. سىلەرگە مەلۇم بولغىنىدەك ئۇ يەمەندىن كەئبىنى ئۆرۈۋېتىش ئۈچۈن قورال-ياراقلىرى بىلەن مەككىگە كەلگەن. مەككىگە مېڭىش يولىدا ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ 200 تۆگىسىنى ئولجا ئالغان. ئاندىن مەككىگە كىرمەكچى بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بوۋىسى ئابدۇلمۇتتەلىب ئاشۇ ۋاقىتتىكى مەككىنىڭ ئاقساقلى بولۇپ، ئەبرەھە مەككىگە كېلىشتىن بۇرۇن مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا چىققان. ئەبرەھە ئابدۇلمۇتتەلىبنى كۆرگەندە ناھايىتى ئىززەت ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالغان ھەمدە يېنىدا ئولتۇرغۇزغان. چۈنكى ئابدۇلمۇتتەلىب ناھايىتى سۈرلۈك ئادەم ئىدى.

ئەبرەھە ئابدۇلمۇتتەلىبكە: نېمە ھاجىتىڭىز بار؟

ئەبرەھە ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ بەيتۇللاھ ھەققىدە گەپ قىلىشنى كۈتۈپ تۇرغان پەيتتە ئابدۇلمۇتتەلىب: ماڭا ئولجا ئالغان 200 تۆگەمنى قايتۇرۇپ بەرگەن

بولساق.

ئەبرەھە: سىنى تۇنجى كۆرگىنىمدە مېنى بەك ھەيران قالدۇرغان ئىدىڭ. 200 تۆگەڭنى قايتۇرۇپ بېرىشىنى سورىغىنىڭدىن كېيىن ساڭا ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدىم. (يەنى ئەبرەھە ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ بەيتۇللاھ ھەققىدە گەپ قىلماي 200 تۆگىسىنى سورىغانلىقىنى ئەيىبلىگەن) مەن سېنىڭ ۋە ئەجدادىڭنىڭ دىنى بولغان بەيتۇللاھنى ئۆرۈۋېتىش ئۈچۈن كەلگەن تۇرسام سەن مەندىن بەيتۇللاھنى سورىماي 200 تۆگەڭنى سورامسەن؟

ئابدۇلمۇتتەلىب تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن: مەن بولسام تۆگىنىڭ ئىگىسى، بەيتۇللاھنىڭمۇ ئىگىسى بار، ئۇنى شۇ ئىگىسى قوغدايدۇ، دېگەن.

مەن ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ ئەبرەھەگە تۇتقان پوزىتسىيەسىنى ئېغىر دەرىجىدە خاتا، سەلبىي پوزىتسىيە دەپ قارايمەن. بىر ئادەمنىڭ دىنىنى «ئاللاھ ئۆز دىنىنى ئۆزى ھىمايە قىلسۇن» دەپ تاشلاپ قويۇپ، ئۆزى ۋە بالىلىرىنىڭ تۇرمۇشى، يېمەك ـ ئىچمەك ۋە تۆگىلىرىنى ئىزدەپ يۈرۈشى توغرا بولامدۇ؟ بۇ بولسا ئېغىر دەرىجىدە خاتا چۈشەنچىدۇر. ئەبرەھەنىڭ مەككىگە خاتىرجەم كىرىشى ئۈچۈن مەككىلىكلەرنىڭ مەككىنى تاشلاپ تاغ قاپتاللىرىغا قېچىپ كەتكەن سەلبىي پوزىتسىيەسىدىن كېيىن «ئابابىل» نامىلىق ساپال تاشلارنى ئاتىدىغان كىچىك قۇشلار چۈشۈپ ئەبرەھە ۋە ئەبرەھە قوشۇنىنى ھالاك قىلىشتىن ئىبارەت چوڭ بىر مۆجىزە يۈز بەردى.

رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلىشتىن بۇرۇن ئىلگىرىكى ئۈممەت ئىچىدىكى زالىملارنىڭ ھالاكىتى ئادەتتىن تاشقىرى شەكىلدە يۈز بېرەتتى. مۇئمىنلەر قورال كۆتۈرۈپ جەڭگە كىرمەيتتى. ئادەتتىن تاشقىرى ھادىسە بەيتۇللاھتا يۈز بەرگەندىن كېيىن، بۇ ئىلاھىي قانۇنىيەت ئۆزگەرگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر زامانىدا تۆۋەندىكىچە ئەھۋاللار يۈز بەرگەن. مەسىلەن: نوھ ئەلەيھىسسالامنى قەۋمى ئىنكار قىلغان، نوھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن ئۈمىد ئۈزگەندىن كېيىن قەۋمىگە بەددۇئا قىلغان. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم» مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ پەرۋەردىگارىغا ھەقىقەتەن مەن بوزەك قىلىندىم، ياردەم قىلغىن دەپ دۇئا قىلدى»[1].

[1] سۈرە قەمەر 10 ـ ئايەت

«ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرىنى قويۇلۇپ ياغقۇچى يامغۇر بىلەن ئېچىۋەتتۇق. زېمىندىن بۇلاقلارنى ئېتىلدۇرۇپ چىقاردۇق، (ئاللاه تەقدىر قىلغان ئۇلارنى غەرق قىلىپ ھالاك قىلىش) ئىشىغا بىنائەن، يامغۇر سۈيى بىلەن بۇلاق سۈيى (بىر-بىرىگە) قوشۇلدى. نۇھنى تاختا ۋە مىخلار بىلەن ياسالغان كېمىگە سالدۇق»[1]. مۆئمىنلەر بىلەن كاپىرلار ئۇچراشمىدى. توپان بالاسى يۈز بەردى. ئاللاه تائالا مۆئمىنلەرنى كېمىگە سالدى. بۇ ئادەتتىن تاشقىرى ئىش بىلەن نىجاتلىق مەيدانىغا كەلدى.

لۇت ئەلەيھىسسالامنى قەۋمى ئىنكار قىلغاندا لۇت ئەلەيھىسسالام: «ئى پەرۋەردىگارىم! قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن (ئۇلارغا كېلىدىغان ئازابتىن) مېنى ۋە تەۋەلىرىمنى قۇتقۇزغىن»[2]. ئاللاه تائالا تەرەپتىن مۇنداق بۇيرۇق كەلدى: «كېچىنىڭ ئاخىرىدا ئائىلەڭدىكىلەرنى ئېلىپ يولغا چىققىن، ئۆزەڭ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ماڭغىن، سىلەردىن ھېچبىر ئادەم ئارقىسىغا قارىمىسۇن، سىلەر بۇيرۇلغان يەرگە يەتكۈچە ئالغا قاراپ مېڭىۋېرىڭلار»[3]. لۇت ئەلەيھىسسالام زالىملارنىڭ كەنتىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئاللاه تائالا مۇنداق دېدى: «بىز ئۇ شەھەرنى ئاستىن ئۈستىن قىلىۋەتتۇق (يەنى كۆمتۈرۈۋەتتۇق) ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە (يامغۇردەك) ساپال تاش ياغدۇردۇق»[4].

ئاللاه تائالا بەنى ئىسرائىلغا ئۇممەت بەرپا قىلىپ دۆلەت قۇرۇش ۋەزىپىسىنى يۈكلىگەن. بەنى ئىسرائىل مىسىر زېمىنىدا مۇھاسىرىگە ئېلىنىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋن ۋە قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن ئۈمىد ئۈزگەندىن كېيىن، ئۇ مۇنداق دۇئا قىلغان: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى يوق قىلغىن، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى قاتتىق قىلغىن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىمان ئېيتماي قاتتىق ئازابنى كۆرسۇن»[5]. شۇنىڭ بىلەن تۆۋەندىكى ئىلاھىي بۇيرۇق كەلگەن: «(ئاللاه ئېيتتى) ‹مېنىڭ بەندىلىرىمنى كېچىدە ئېلىپ چىقىپ كەتكىن، سىلەر ھەقىقەتەن قوغلىنىسىلەر›»[6]. مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋن ئۇچراشمىغان. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى پىرئەۋن ۋە ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا

[1] سۈرە قەمەر 11 ـ 13 ئايەت
[2] سۈرە شۇئەرا 169 ـ ئايەت
[3] سۈرە ھىجر 65 ـ ئايەت
[4] سۈرە ھىجر 74 ـ ئايەت
[5] سۈرە يۇنۇس 88 ـ ئايەت
[6] سۈرە دۇخان 23 ـ ئايەت

بۇيرۇلماستىن، بەلكى مىسىردىن باشقا شەھەرگە چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇلغان. مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋن بىلەن مېكىپ دېڭىزغا يېتىپ بارغاندا بەنى ئىسرائىل ئارقىسىدىن پىرئەۋن قوشۇنىنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلگەچكە قۇتۇلۇشتىن ئۈمىد ئۈزگەن. ئاللاھ تائالا بۇ ئەھۋالنى مۇنداق تەسۋىرلەپ بەرگەن: «ئىككى توپ (يەنى پىرئەۋن توپى بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ توپى) بىر ـ بىرىنى كۆرۈپ تۇرۇشقان چاغدا مۇسانىڭ ئادەملىرى ‹ئۇلار (يەنى پىرئەۋن بىلەن قوشۇنى) بىزگە چوقۇم يېتىشىۋالىدىغان بولدى› دېدى. مۇسا ئېيتتى: ‹ئۇنداق بولمايدۇ (يەنى ھەرگىز يېتىشەلمەيدۇ) پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە، مېنى (قۇتۇلۇش يولىغا) باشلايدۇ›»[1].

مۇسا ئەلەيھىسسالام دېگىنىدەك دېيىش مۇئمىنىنىڭ بۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋالغا دۇچار بولغاندا دەيدىغان بىردىنبىر سۆزىدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «مۇسا ئېيتتى: ‹ئۇنداق بولمايدۇ (يەنى ھەرگىز يېتىشەلمەيدۇ) پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە، مېنى (قۇتۇلۇش يولىغا) باشلايدۇ›»[2].

ئەمما قەۋملەر پىرئەۋن قوشۇنىنى كۆرۈپ تۇرغاچقا قاتتىق ئىككىلەندى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بىز مۇساغا ھاساڭ بىلەن دەرياغا ئۇرغىن دەپ ۋەھيي قىلدۇق، (مۇسا ھاسىسى بىلەن ئۇرۇۋىدى) دەريا يېرىلدى، (ھەربىر يېرىلغان) قىسمى چوڭ تاغدەك بولۇپ قالدى. ئىككىنچى بىر گۇرۇھنى بۇ يەرگە يېقىنلاشتۇردۇق (يەنى پىرئەۋن بىلەن قوشۇنىنى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئارقىسىدىن دەرياغا كىرگۈزدۇق. مۇسا بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى پۈتۈنلەي قۇتقۇزدۇق»[3]. بۇ يەردە بىرەر ئادەممۇ چۆقمۇ بولمىغان. ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ھەممىسى قۇتۇلۇپ قالغان. بەنى ئىسرائىل «ئۇلار (يەنى پىرئەۋن بىلەن قوشۇنى) بىزگە چوقۇم يېتىشىۋالىدىغان بولدى» دېگەندە ئاللاھ تائالا: «ئاندىن ئىككىنچى گۇرۇھنى (يەنى پىرئەۋن بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى) غەرق قىلدۇق» دېگەن. دېڭىز يېرىلىپ پىرئەۋن ۋە ئەسكەرلىرى غەرق بولغان.

پىل ۋەقەلىكى ئادەتتىن تاشقىرى شەكىلدە نۇسرەتكە ئېرىشكەن ئەڭ

[1] سۈرە شۇئەرا 61 ـ 62 ـ ئايەتكىچە

[2] سۈرە شۇئەرا 62 ـ ئايەت

[3] سۈرە شۇئەرا 63 ـ 65 ـ ئايەتكىچە

ئاخىرقى ۋەقەلىك بولۇپ قالغان. بىراق ئاللاھنىڭ زالىملارنى ھالاك قىلىش قانۇنىيتى ھېلىھەم مەۋجۇت. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «كاپىرلار پەيغەمبەرلىرىگە: سىلەرنى زېمىنىمىزدىن چوقۇم ھەيدەپ چىقىرىمىز ياكى چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك دېدى. ئۇلارغا پەرۋەردىگارى مۇنداق ۋەھيي قىلدى: زالىملارنى چوقۇم ھالاك قىلىمىز»①. ئاللاھ تائالانىڭ «زالىملارنى چوقۇم ھالاك قىلىمىز»، «ئۇلارنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، زېمىندا چوقۇم سىلەرنى تۇرغۇزىمىز، بۇ (يەنى غەلىبە) مېنىڭ ئالدىمدا تۇرۇشتىن (يەنى سوراققا تارتىلىشتىن) ۋە ئازابىمدىن قورققانلار ئۈچۈندۇر» دېگەن سۆزى ئومۇمىيلىقنى ئىپادىلەيدۇ. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا: قانداق قەۋم ئاللاھنىڭ ئالدىدا سوراققا تارتىلىشتىن ۋە ئاللاھنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىدىن قورقىدىكەن نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ. زالىملار چوقۇم ھالاك بولىدۇ. بۇ قىيامەت كۈنىگىچە داۋاملىشىدىغان قانۇنىيەت.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كېلىشى بىلەن تەڭلا ئاللاھنىڭ زالىملارنى ھالاك قىلىش قانۇنىيتى ئۆزگەردى. ئىلگىرى زالىملارنى ئاللاھ تائالا ئادەتتىن تاشقىرى ئىش بىلەن ھالاك قىلاتتى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىنى ئېلىپ كەلگەن ۋاقىتتىن باشلاپ قانۇنىيەت مۇنداق ئۆزگەردى: «ئى مۆئمىنلەر! سىلەر ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار ئاللاھ سىلەرگە (دۈشمىنىڭلارغا قارشى) ياردەم بېرىدۇ، قەدىمىڭلارنى (ئۇرۇش مەيدانلىرىدا) بەرقارار قىلىدۇ»②.

مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، خالىس ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئەمەل قىلىشى كېرەك. ناۋادا مۇسۇلمانلار ياخشى ئەمەل قىلسا، ئاللاھ تائالا ئابابىل ناملىق قۇشقا ئوخشايدىغان قۇشنى چۈشۈرىدۇ. مۆئمىنلەرگە رەھمەت، بەرىكەت، ئەمىنلىك، تەۋپىق چۈشۈرسە، كاپىرلارغا ئازاب ـ ئوقۇبەت، ھالاكەت چۈشۈرىدۇ. ياخشى ئەمەل قىلمىسا ھېچنېمە چۈشۈرمەيدۇ. ئىسلام ئۈممىتىگە خاس بۇ يېڭى قانۇنىيەت قىيامەت كۈنىگىچە ئۆزگەرمەستىن داۋاملىشىدۇ. مۆئمىنلەرنىڭ گەدىنىگە دەسسىمەكچى بولۇۋاتقان زالىملارغا نۇرغۇن كىشىلەر سەل قارايدۇ،

① سۈرە ئىبراھىم 13 ـ ئايەت

② سۈرە مۇھەممەد 7 ـ ئايەت

ئاسماندىن «ئابابىل» قۇشىنىڭ چۈشۈشىنى يىراقتىن كۆزىتىپ كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ. ئاسماندىن «ئابابىل» قۇشىنىڭ چۈشۈپ كاپىرلارنى ھالاك قىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇش توغرا ئەمەس. بۇ خىل تىپتىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرى ھەرىكەتكە ئۆتمەي ئاسماندىن ئابابىل قۇشىنىڭ چۈشىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىنى چۈشەنمىگەنلىكى ھېسابلىنىدۇ. مۇسۇلمانلار زالىملارغا قارشى كۆرەش قىلىشتا ئاسماندىن قۇشنىڭ چۈشىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرماي رەببىگە تەۋەككۇل قىلىپ ئۆزىگە تايىنىشى كېرەك.

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا ياشاۋاتقان شارائىتقا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئېنىق قانۇنىيەت بەلگىلەپ بەردى. مۇسۇلمانلار بەزىدە ئاشكارا دەۋەتكەن ئېھتىياجلىق بولسا يەنە بەزىدە مەخپىي دەۋەتكە ئېھتىياجلىق بولىدۇ. بەزىدە تىنچلىق كېلىشىمگە ئېھتىياجلىق بولسا يەنە بەزىدە ئۇرۇش قىلىشقا ئېھتىياجلىق. بەزىدە پۈتۈن كاپىرلارغا ئۇرۇش قىلىشقا ئېھتىياج چۈشسە يەنە بەزىدە بىر قىسمى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ بىر قىسمىنى قويۇپ بېرىشكە ئېھتىياجلىق بولىدۇ. بۇ ئۇسۇللار ھەر كىشىنىڭ شارائىتىغا قاراپ ئۆزگىرىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا ھورۇن، بىكارتەلەپ قەۋم نۇسرەت تاپالمايدۇ.

ماڭا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئى ئاللاھ زالىملارنى زالىملار بىلەن ھالاك قىلغىن، بىزنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن سالامەت ھالدا چىقارغىن دەپ دۇئا قىلىشى تازا ياقمايدۇ. ئۇنداقتا سېنىڭ رولۇڭ نېمە؟ جەڭگە قاتناشماي قوماندان بولۇشنى ئارزۇ قىلىۋاتامسەن؟ ئى قېرىنداشلىرىم! ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتى بۇنداق بولمايدۇ. شۈبھىسىزكى ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتى بولسا «ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار ئاللاھ سىلەرگە (دۈشمىنىڭلارغا قارشى) ياردەم بېرىدۇ. قەدىمىڭلارنى (ئۇرۇش مەيدانلىرىدا) بەرقارار قىلىدۇ»[1].

بىزنىڭ ئەبرەھەنىڭ دەۋرىدە ئەمەس ئىكەنلىكىمىز ئېسىڭلاردا چىڭ تۇرسۇن. ناۋادا ھازىر سالىھ ئادەملەر يۇرتنى تاشلاپ قاچقاندا ئابابىل قۇشى ھەرگىز چۈشمەيدۇ.

ئامېرىكىنىڭ راكېتا، ئايروپىلان، تانكا، ھەربىي كېمىلىرى پۈتۈن مۇسۇلمان شەھەرلىرىدە ئايلىنىپ

---

① سۈرە مۇھەممەد 7 ـ ئايەت

يۇرىدۇ. مۇسۇلمانلار بولسا يۇرت_ۋەتەنلىرىنى ۋەيران قىلىش، ئاياللىرىنى، باللىرىنى ئۆلتۈرۈش ئۇچۇن كەلگەنلەرگە قاراپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىچە: ئاللاھ ئۇلارغا كاپىرلارنى ساپال تاشلار بىلەن ھالاك قىلىدىغان ئابابىل قۇشنى ئەۋەتسە ياكى كاپىرلارنى ۋەيران قىلىدىغان بىرەر مۆجىزە ياكى ئادەتتىن تاشقىرى بىرەر ئىش بولۇپ قالسىكەن دەپ ئارزۇ قىلىشىدۇ. نەتىجىدە بۇنىڭدەك چۈش كۆرۈپ ئولتۇرغان كىشىلەر ئامېرىكىنىڭ بومباردىمانلىرىغا دۇچار بولىدۇ.

ئۇلار كۇۋەيت، سەئۇدىي ئەرەبىستان، ئىراق، قاتار، ئۇممان، تۈركىيە، پاكىستان، ئافغانىستان، ئۆزبېكىستان ۋە بۇنىڭدىن باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ ۋەيرانچىلىق ئېلىپ بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئاق دېڭىز، قىزىل دېڭىز، قارا دېڭىز، سېرىق دېڭىز يىغىپ ئېيتقاندا ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئامېرىكا دېڭىز پىلوتىنى توپان بالاسى كېلىپ غەرق قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. مەن بۇنداق چۈش كۆرۈۋاتقانلارغا چىن قەلبىمدىن مۇنداق دەيمەن: بەك ئۇزاق ساقلاپ كېتىسلەر. ئاسماندىن ئابابىل قۇشى ئاللاھ تائالا بايان قىلغان قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلغاندىلا ئاندىن چۈشىدۇ. ئۇ قانۇنىيەت بولسا ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: «ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار ئاللاھ سىلەرگە (دۇشمىنىڭلارغا قارشى) ياردەم بېرىدۇ. قەدىمىڭلارنى (ئۇرۇش مەيدانلىرىدا) بەرقارار قىلىدۇ[①].

سەۋەبىنى قىلسىلا ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرگە ۋە مۇئمىنلەرگە ياردەم بېرىدۇ.

بىز ئاللاھ تائالاغا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىنمۇ سۆيۈملۈك ئەمەس. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىكى تۆۋەندىكىدەك ۋەقەلەرگە نەزەر ئاغدۇرۇپ باقايلى!

1_ بەدرى ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلارنىڭ نۇسرەتكە ئېرىشكەنلىكى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشچىلىق قىلىۋاتقان يەر يۈزىدىكى ئەڭ ياخشى ئىنسانلار بۇ ئۈممەتنىڭ پىرئەۋنى باشچىلىقىدىكى ئەڭ ناچار كاپىرلار بىلەن جەڭگە چۈشكەن. مۇسۇلمانلار ھەق

---

[①] سۈرە مۇھەممەد 7_ ئايەت

يولدا، كاپىرلار باتىل يولدا بولسىمۇ، كاپىرلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ئاسماندىن «ئابابىل» قۇشى چۈشمىدى بەلكى ئەكسىچە شۇ ۋاقىتتىكى شارائىت ھەر ئىككى تەرەپنى مەيلى بولمىسىمۇ ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇرلايتتى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: (مۇشرىكلار بىلەن ئۇچرىششىنى) ۋەدىلەشكەن بولساڭلار، سىلەر (ئۆزۈڭلارنىڭ ئازلىقى، مۇشرىكلارنىڭ كۆپلىكىنى كۆرۈپ) ئەلۋەتتە بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغان بولاتتىڭلار، لېكىن ئاللاھ بولۇشقا تېگىشلىك ئىشنى (مۇسۇلمانلارنى ئەزىز، مۇشرىكلارنى خار قىلىشنى) ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن (سىلەرنى بەدرىدە مۇشرىكلار بىلەن ۋەدىسىز ئۇچراشتۇردى)»①.

ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئورۇندا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ بولۇشقا تېگىشلىك ئىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقان چېغىڭلاردا (دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلسۇن دەپ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ كۆزۈڭلارغا ئاز كۆرسەتتى ۋە سىلەرنى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە (سىلەرگە قارشى تەييارلىقتا بولمىسۇن دەپ) ئاز كۆرسەتتى»②.

غەلىبە قىلىش ئۈچۈن كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلىش لازىم. مۆئمىنلەر گەرچە ئاللاھقا مۇشرىكلاردىن سۆيۈملۈك بولسىمۇ دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلمىسا ئاسماندىن «ئابابىل» ھەرگىز چۈشمەيدۇ. ئاللاھنىڭ بۇ ئۈممەتكە بېكىتكەن يېڭى قانۇنىيىتى بولسا: «ئى مۆئمىنلەر! سىلەر ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار ئاللاھ سىلەرگە (دۈشمىنىڭلارغا قارشى) ياردەم بېرىدۇ، قەدىمىڭلارنى ئۇرۇش مەيدانلىرىدا) بەرقارار قىلىدۇ»③.

شۇڭلاشقا جەڭ قىلماقچى بولغان ئەسكەرلەر جەڭ قىلىدىغان ئورۇننى ياخشى تاللىشى، ئەسكەرلەرنىڭ سەپلىرىنى ياخشى تۈزۈشى، قولغا قورال-ياراق ئېلىشى، جەڭنى قانداق قىلىش ھەققىدە قوماندان مۇشاۋىرلار بىلەن ياخشى مەسلىھەتلىشىشى، پۈتۈن ئەسكەر بىر نىيەت بىر مەقسەتتە جەڭگە كىرىشى لازىم. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەر قانداق ۋاقىتتا دۈشمەنگە قارشى پۇختا پىلان بولۇشى، ئەسكەرلەر ناۋادا جەڭگە كىرىپ قالسا جەڭ مەيدانىدا سۇباتلىق بولۇشى، ۋاقتى كەلگەندە شېھىت

---

① سۈرە ئەنفال 42 ـ ئايەت

② سۈرە ئەنفال 44 ـ ئايەت

③ سۈرە مۇھەممەد 7 ـ ئايەت

بولۇشتىنمۇ قورقماسلىقى لازىم. مۇشۇنداق بولغان چاغدا «ئابابىل» پەرىشتە، يامغۇر، دۈشمەنلەرنىڭ قەلبلىرىگە قورقۇنۇچ سېلىش ياكى دۈشمەنلەرنىڭ سەپلىرىنى بۇزۇۋېتىش ياكى ئاللاھ تائالا خالىغان بىر شەكىلدە مەيدانغا كېلىدۇ. يەنە دەيمىزكى ھەرىكەتكە ئۆتۈش، مەسىلىلەرگە ئىجابىي پوزىتسىيە تۇتۇش ئىنتايىن مۇھىم.

2 ـ ئەھزاب ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلارنىڭ نۇسرەتكە ئېرىشكەنلىكى

ئەھزاب ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 10مىڭ ئىدى. كاپىرلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە ساھابىلەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان بولۇپ، ئىسلامنى تۈپ يىلتىزىدىن يوق قىلىۋېتىش قارارىغا كەلگەن ئىدى. مۇسۇلمانلار ھەققەت ئۈستىدە، مۇشرىكلار باتىل ئۈستىدە بولسىمۇ كاپىرلارغا قارشى «ئابابىل» چۈشمىدى. كاپىرلارنى يەر يۇتۇپ كەتمىدى. توپان بالاسى كېلىپ ۋەيران قىلمىدى. چۈنكى ئاللاھنىڭ ئۇممىتى مۇھەممەدىيەگە بېكىتكەن يېڭى قانۇنىيتى بولسا: «ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار ئاللاھ سىلەرگە (دۈشمىنىڭلارغا قارشى) ياردەم بېرىدۇ، قەدىمىڭلارنى ئۇرۇش مەيدانلىرىدا) بەرقارار قىلىدۇ»[①]. شۇڭلاشقا ئەھزاب جېڭىدە مۇسۇلمانلار دۈشمەنگە قارشى بىرلىكسەپ قۇرۇپ ئاللاھنىڭ مۇسۇلمانلارغا نۇسرەت ئاتا قىلىدىغانلىقىغا چىن پۈتكەن. مۇناسىپ شەكىلدە جەڭ پىلانى تۈزۈپ، خەندەك كولىغان. خەندەك كولاش جەريانىدا ئاچلىققا سەۋر قىلغان. مۇشرىكلار ۋە يەھۇدىيلارغا قارشى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىرلىكسەپ ھاسىل قىلغان. ئەينى ۋاقىتتىكى ئەڭ ياخشى ئىستىخباراتنى قوللانغان. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ساغلام ئەقىدە، توغرا ئىبادەت ئۈستىگە قۇرۇلغان بولغاچقا، ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرگە شامال، مۇشرىكلارنىڭ ۋە يەھۇدىيلارنىڭ قوشۇنلىرىنى قالايمىقان قىلىۋېتىش ۋە قەلبلىرىگە قورقۇنچ سېلىش قاتارلىق شەكىللەردە «ئابابىل» نى چۈشۈرگەن يەنى نۇسرەت ئاتا قىلغان. خۇلاسە كالام ئاللاھقا ئىخلاسمەنلىك بىلەن قىلىنغان سالىھ ئەمەل ئىنتايىن مۇھىم.

3 ـ ئوھۇد ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇنلاشتۇرۇشىغا خىلاپلىق قىلغانلىقى

① سۈرە مۇھەممەد 7 ـ ئايەت

ئوھۇد ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇنلاشتۇرۇشىغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن كاپىرلار تەرىپىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۆئمىنلەرگە خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرگە يەتكەن مۇسىبەت سىلەر دۈشمەنگە يەتكۈزگەن مۇسىبەتنىڭ يېرىمىغا تەڭ كەلمىگەن تۇرسا (يەنى ئوھۇد غازىتىدا سىلەردىن 70 كىشى شېھىت بولغان تۇرسا، بەدرى غازىتىدا بولسا مۇشرىكلاردىن 70 كىشىنى ئۆلتۈرگەن 70 كىشىنى ئەسىرگە ئالغان تۇرساڭلار) سىلەر يەنە بۇ مۇسىبەت قەيەردىن كەلدى؟ دېدىڭلار»[1]. يەنى مۆئمىنلەر كاپىرلارغا نېمە ئۈچۈن مەغلۇپ بولغانلىقىدىن ھەيران قالدۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرى بەدرى ئۇرۇشىدا غەلبە قازانغان ئىدىڭلار. بۇرۇن غەلبە قازىنىپ ئەمدىلىكتە مەغلۇپ بولساڭلار بۇ مەغلۇبىيەت نەدىن كەلدى دەمسىلەر؟ بۇ سوئالغا جاۋاپ شەكلىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ سىلەرنىڭ ئۆزلىرىڭلاردىن (يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىڭلار ۋە غەنىيمەتكە ھېرىس بولغانلىقىڭلاردىن) بولدى. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر»[2].

مۇسۇلمانلارنىڭ ئوھۇد ئۇرۇشىدا ئۆتكۈزگەن خاتالىقى بولسا ئوقچىلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلغان تاغنى تاشلاپ قېچىشىلا بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ناھايىتى خەتەرلىك قەلبى مال-دۇنياغا مايىل بولۇپ كېتىش خاتالىقى ئىدى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بەزىلىرىڭلار دۇنيانى كۆزلىدىڭلار»[3]. بۇ چاغدىمۇ يەنىلا مۇسۇلمانلارنى خاتالىقدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئاسماندىن «ئابابىل» قۇشى چۈشمىدى. چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە ئاللاھ تائالا بېكىتكەن قانۇنىيەت بولسا: «ئى مۆئمىنلەر! سىلەر ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار ئاللاھ سىلەرگە (دۈشمىنىڭلارغا قارشى) ياردەم بېرىدۇ، قەدەمىڭلارنى ئۇرۇش مەيدانلىرىدا) بەرقارار قىلىدۇ»[4].

ئېسىڭلاردا بولسۇن! بىز ئەبرەھەنىڭ دەۋرىدە ئەمەس. بىز پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە، ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە بېكىتىپ بەرگەن قانۇنىيەت زامانىدا ياشاۋاتىمىز.

-داۋامى كېيىنكى ساندا...

[1] سۈرە ئال ئىمران 165-ئايەت
[2] سۈرە ئال ئىمران 165-ئايەت
[3] سۈرە ئال ئىمران 152-ئايەت
[4] سۈرە مۇھەممەد 7-ئايەت




زامانىمىزدا خەلقىنىڭ ئېغىزىدا «قۇرئانچىلار»، «ھەدىس ئىنكارچىلىرى» دېگەن ھەرخىل ئىسىملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن بىر تۈركۈم كىشىلەر خۇراپاتقا قارشى تۇرۇپ، كىشىلەرنى قۇرئان كەرىمگە قايتۇرۇش دېگەندەك ئاڭلىنىشقا چىرايلىق سۆزلىرى بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا بۆلۈنۈشلەرنى پەيدا قىلماقتا ۋە نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆز ئەقىدىسىدىن شەكلەندۈرگەن، ئىسلام ئۆلىمالىرىغا ئىشەنچ قىلالمايدىغان، ئۇلاردىن ئۆگىنىشنى خالىمايدىغان ۋە بۇرۇنقى ئۆلگىلىك ئالىملارغا تىل تەككۈزىدىغان ئەھۋالغا كەلتۈرۈپ قويماقتا. دىن بۇزغۇنچىلىرى تارىختىن بېرى مەيدانغا چىقىپ تۇرغان بولۇپ، ئۇلار ھەربىر ئەسىردە ئوخشاشمىغان ئىسىملار بىلەن، ئوخشاش بولمىغان يالتىراق شۇئارلارنى كۆتۈرۈپ چىققان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق غايىسى كىشىلەرنى دىنىدىن يىراقلاشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى دىنىنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈش ۋە ئۇلارنى يولباشچى ئۆلىمالىرىدىن يىراقلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بىر خىللا بولۇپ كەلمەكتە.

ئىسلام دۇنياسىدا تۈركىيە پىكىر ئەركىنلىكىگە ئىگە ئالدىنقى قاتاردىكى دۆلەتلەردىن بىرى بولغاچقا ھەركىم ھەر خىل پىكىر ـ قاراشلىرىنى ئەركىن ئېلان قىلالايدۇ. دىن بۇزغۇنچىلىرى مانا بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆز مۇددىئاسىنى نۇقتىلىق ھالدا تۈركىيەدە ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بىلىپ ـ بىلمەي بۇ ئىدىيەنى تەشۋىق قىلماقتا. گەرچە ئۇلارنىڭ كۆپلىرى دىنغا زىيان يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلمىغان بولسىمۇ،

ئۇلارنىڭ دەۋىتى، يازمىلىرى ۋە نوتۇقلىرى كىشىلەرنى دىنىنىڭ ئاللىبۇرۇن مۇسۇلمانلاردا ئومۇملىشىپ بولغان سابىت مەسىلىلىرى ئۈستىدە شەك قىلىدىغان، قەدىمقى ئىسلام ئۆلىمالىرىغا ئىشەنچ قىلالمايدىغان، ھەدىس بىلەن بەلگىلەنگەن فىقھى مەسىلىلىرىگە ئىشەنمەيدىغان قىلىپ قويۇشقا يېتەرلىكتۇر. مۇسۇلمانلار ئىچىدە بىرلىككە كېلىنگەن، قۇرئان ۋە سۈننەت ئارقىلىق بېكىتىلگەن مەسىلىلەرنى قايتىدىن تالاش-تارتىش ماۋزۇسىغا ئايلاندۇرۇش ۋە بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئوپېراتسىيە يۈرگۈزۈش مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق ئىش ئەمەس. دىن دۈشمەنلىرى بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادىنى تەۋرىتىش ۋە ئۇلارنى دىندا شەككە چۈشۈرۈش قاتارلىق رەزىل مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

توغرا، تارىختا ئۆتكەن ئىسلام ئۆلىمالىرىنى، مەزھەپ پېشۋالىرىنى خاتالىقلاردىن خالىي دەپ ئويلىمايمىز. چۈنكى پەيغەمبەرلەردىن باشقا ھېچقانداق ئىنسان خاتالىقلاردىن خالىي ئەمەس. مەزھەپ ئۆلىمالىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن توقۇنۇشلارمۇ، زىددىيەتلەرمۇ ئاز بولمىغان. ئەمما بىز بۇ توقۇنۇشلارنى، زىددىيەتلەرنى ۋە بۇرۇنقى ئۆلىمالاردىن بەزىسىنىڭ خاتا كەتكەن يەرلىرىنى، پەزىلەتكە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئىنسانىي تەرەپلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلارنى ئەيىبلىسەك، بىزگە ۋە ئومۇمىي مۇسۇلمانلارغا نېمە پايدىسى بار؟ ئەكسىچە، كۆپ زىيىنى بار. چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدىكى ئۆلىمالارغا بولغان ھۆرمەت، ئىخلاس ۋە ئەقىدە يوقاپ كېتىدۇ ياكى سۇسلىشىپ قالىدۇ. نەتىجىدە، كىشىلەر ئۆلىمالارنىڭ سۆزلىرىدىن شەكلىنىدىغان، ھەتتا ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. ھالبۇكى ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەمەلىي ئۈلگە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەقىقىي ۋارىس بولۇپ ئۆتكەن زاتلاردۇر.

بۇنىڭدىن بىر قانچە ئاي ئىلگىرى تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمى تۈركىيە دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى پروفېسسور دوكتور مۇھەممەد گۆرمەزنىڭ «ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن دىن ۋە ئويدۇرۇلغان دىن» دېگەندەك يېڭى ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان سەپسەتىلەرگە بەرگەن رەددىيەسىنى ئاڭلاتتى. ماقالىدا مۇھەممەد گۆرمەز مۇنۇلارنى تەكىتلىگەن ئىدى: «ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن دىن ۋە ئويدۇرۇلغان دىن» دېگەن يېڭى ئۇقۇملارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىرىلىشىغا ھەم ئىلمىي نۇقتىدىن، ھەم ئەخلاقىي نۇقتىدىن قېتىلىش قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. ئىلگىرى ئەرەب دۇنياسىدىمۇ بۇ ئوقۇمنى «دىنىي مۇنەززەل ۋە دىنىي

مۇبەددەل» (يەنى ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن دىن ۋە ئۆزگەرتىۋېتىلگەن دىن) دەپ ئوتتۇرىغا چىقارغانلار بولغان ئىدى. ئەمدىلىكتە تۈركىيەدىمۇ مېدىيا ۋاستىلىرىدىكى نۇرغۇنلىغان مۇنازىرىلەردە بۇ ئۇقۇمنى ئاڭلاشقا باشلىدۇق، بۇ قەتئىي توغرا ئەمەس، بۇنىڭدا مۇنداق ئۈچ ئېھتىماللىقنى نەزەردە تۇتۇشىمىز لازىم. »

1. ئەگەر بىرسى مۇشۇ خىل سەپسەتىلەر ئارقىلىق «ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن دىن مېنىڭ ئېتىقادىم ۋە مەن سىلەرگە چۈشەندۈرگەن دىندۇر. باشقىلارنىڭ دەۋەت قىلىۋاتقىنى ۋە ئەمەل قىلىۋاتقىنى بولسا، ئويدۇرۇلغان دىندۇر» دېمەكچى بولغان بولسا، (مەن ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا ھېچبىر مۇسۇلمان ھەرگىزمۇ بۇنداق ئويلىيالمايدۇ، دەپ قارايمەن) ئۇنىڭ بۇ سەپسەتىسى تەكپىرچىلىك (يەنى باشقىلارنى كاپىرغا چىقىرىش) ئېقىمىنىڭ ئەڭ ئاشقۇن، ئەڭ يىرگىنىشلىك ئىپادىسىدۇر. بۇنداق سەپسەتىنى ئەلۋەتتە ھەرگىز قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ.

2. ئەگەر بۇ ئۇقۇمنى ئىجاد قىلىۋالغانلار «ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن دىن؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن، ئۇنىڭ ساھابىلىرى ئەمەل قىلغان دىندۇر. ئۇلاردىن كېيىنكى مۇسۇلمانلار بۇ دىننى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتى ۋە «ئويدۇرۇلغان دىن»غا ئايلاندۇرۇپ قويدى» دېمەكچى بولغان بولسا، بۇمۇ ھېچ شۈبھىسىزكى، ئىسلام تارىخىغا ئەڭ چوڭ بۆھتان چاپلىغانلىقتۇر. چۈنكى ئىسلامنىڭ پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋېتىلگەنلىكىنى ۋە بۇزۇۋېتىلگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئاللاھنىڭ كىتابىغا شۇنداقلا ئاللاھنىڭ كىتابىدىكى ۋەدىلىرىگە زىت كېلىدۇ. بۇ پۈتۈن ئىسلام تارىخىنى كۆپۈرلۈققا چىقىرىۋەتكەنلىك ۋە ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ.

3. ئەگەر بۇ سەپسەتىنى ئوتتۇرىغا چىقارغانلار ئىسلام دىنىنىڭ پەقەتلا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئاللاھتىن چۈشۈرۈلگەن دىن ۋەھيىدىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى، يەنى پەقەتلا قۇرئاندىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرمەكچى بولغان بولسا ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرى، سەھىھ ھەدىسلىرى ۋە ئىشەنچلىك خەۋەر مىراسلىرىنى «ئويدۇرۇلغان دىن» كاتېگورىيەسىگە كىرگۈزۈپ قويماقچى بولغان بولسا، ئۇلارنىڭ دىنىنى ھەرگىزمۇ ئىسلام دىنى دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئىسلام بىر پۈتۈن شەكىلدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھتىن چۈشۈرۈلگەن ۋەھيىنىڭ شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئەمەل قىلىپ، بىزگە يەتكۈزگەن ھەقىقەتلەرنىڭ ئورتاق بىر پۈتۈن گەۋدىسىدۇر. ئۈممەتنىڭ ئىجما (يەنى ئورتاق پىكىر)، قىياس ۋە

كۆزقاراشلىرىنى ئاساس قىلغان فىقھى مىراسى، ساغلام ئەقىلنىڭ ئىجتىھادى، ئىستىھسانى (يەنى خەلقنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغان دىنىي ھۆكۈملىرى) ۋە ھېكمەتلىرى... قاتارلىقلارنى «ئويدۇرۇلغان دىن» دەپ قوبۇل قىلىش ئىلمىيلىككىمۇ، ئەقىلگىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

بۇ سەپسەتىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقانلارغا پۇتۇنلەي ياخشى گۇمان بىلەن باھا بېرىپ، «بۇلار ئەسلىدە تارىخ بويىچە دىنغا ئارىلىشىپ قالغان خاتا چۈشەنچىلەرنى، ئەنئەنىلەرنى، ئىسرائىلىيە ۋە خىرىستىيان رىۋايەتلىرىنى، بىدئەت ھەم خۇراپاتلىقلارنى كۆزدە تۇتۇۋاتىدۇ» دېگەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا بۇ قەتئىي توغرا ئەمەس. چۈنكى دىندا مۇبالىغىلەشتۈرۈش سەنئەت ئەمەس، يالغانچىلىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇچ - تۆت دانە توقۇلغان خەۋەرلەرنى دەستەك قىلىۋېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرى ۋە ھەدىس مىراسلىرىنى رەت قىلىۋاتقانلىقلىرى، ئۇلارنىڭ «ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن دىن» دەپ ئاتىۋېلىشقان سەپسەتىلىرىگىمۇ زىت كېلىدۇ.

ئورۇنسىز شەكىلدە بۇ جەھەتتە خەلقنىڭ پىكىر - ئېڭىنى مالىمان قىلىش مەقسەت قىلىنماقتا. بىراق، سوغوققان، پاراسەتلىك مىللىتىمىز ئېتىقادىغا قىلىنىدىغان بۇ خىل سۇيىقەستلەرگە قەتئىي يول قويماي كەلمەكتە. ھەر قانداق مۇسۇلمان «ئىسلام دىنى ئۆزگەرتىۋېتىلدى» دېگەن مەنىدىكى سۆزلەرنى قىلالمايدۇ ۋە قەتئىي قىلمايدۇ. «ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن دىن ۋە ئويدۇرۇلغان دىن» دېگەندەك سەپسەتىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىۋاتقان تەرەپلەر ئەسلىدە مەقسەتلىك ئۇقۇملارنى يارىتىشقا تىرىشماقتا. ئەگەر بۇ سۆزلەر ئارقىلىق دىنغا خۇراپىيلىقلارنىڭ ئارىلىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولۇشقان بولسا، بۇ ھەرگىزمۇ ئۇنى ئىپادىلەشنىڭ ئۇسۇلى ۋە ئۇسلۇبى بولالمايدۇ. پاك ئەقىدىلەر خائىن پىكىرلەر بىلەن شەكىللەنمەيدۇ. قوغداشنى ئاللاھ ئۆز ئۈستىگە ئالغان بۇ ئىسلام دىنى ھېچقانداق تاشقى مۇداخىلىنى قوبۇل قىلمايدۇ، ئىچىدىن ئورۇن بەرمەيدۇ ۋە قەتئىي ئورۇن بېرىلمەيدۇ».

«ئويدۇرۇلغان دىن» دېگەن ئاتالغۇنى ئازغۇن، نەپسانىيەتچى سوپى - ئىشانلارغا ئىشلەتسە توغرا بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئازغۇن نەپسانىيەتچى سوپى - ئىشانلار ئۆز ۋاقتىدا ئىسلام دۇنياسىغا يامراپ كىرگەن مىكروبلار بولۇپ، بارلىق خۇراپاتچىلىقنىڭ باشچىلىرى ئىدى. ئۇلار قۇرئان ۋە ھەدىسكە تامامەن قارشى كېلىدىغان پەتىۋالارنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، كىشىلەرنى ھەق دىنىنىڭ روھىدىن ئازدۇرغان. ئەمما فۇقەھالار (ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرى)نى ۋە

مۇھەددىس (ھەدىسشۇناس ئالىملار)نى ئويدۇرغان دىننىڭ مەنسۇپلىرى دېيىش چېكىدىن ئاشقان تەلۋىلىك ۋە چوڭ بوھتاندۇر. ھەدىس ئىنكارچىلىرىنىڭ فىقھىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، مەزھەپنى ئېتىراپ قىلىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىنى ئويدۇرۇلغان دىننىڭ مەنسۇپلىرى دېيىشى چوڭ ھەقسىزلىق ۋە يالغانچىلىقتۇر.

«ئويدۇرۇلغان دىن» دېگەن ئاتالغۇنى كۆتۈرۈپ چىققانلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ سەپسەتىسىنى بازارغا سېلىشتا ئىسلام دۇنياسىدا يامراپ كەتكەن خۇراپاتلىقلارنى، سوپى ـ ئىشانلارنىڭ خۇراپاتلىرىنى، ئۆلىمالارنىڭ ساددا ئىنسانلارنى دىن نامىدىن ئالداشلىرىنى مىسال قىلىپ كەلتۈرىدۇ. ھالبۇكى، ئەقلى جايىدا بولغان ھېچقانداق مۇسۇلمان ئادەم يۇقىرىقى قىلىقلارنى دىن نامىدىن قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى بۇ قىلىقلارنى ۋە بۇ خۇراپاتلارنى سادىر قىلغۇچىلارنىڭ ھېچقايسىسى ئىسلام دىنىنىڭ مەنسۇپلىرى دېيىشكە ئەرزىمەيدۇ. ئەمما «ئويدۇرۇلغان دىن» دېگەن ئاتالغۇنى بازارغا سېلىۋاتقانلار سوپى ـ ئىشانلارنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرىنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ، تارىختا ئۆتكەن ئىسلام ئۆلىمالىرىنى، مەزھەپ پېشۋالىرىنى، ھەدىس ئۆلىمالىرىنى سۆكىدۇ ۋە ئۇلارنى ئويدۇرۇلغان دىننىڭ مەنسۇپلىرى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئۇلار تارىختىن بېرى ئىسلامغا خىزمەت قىلىپ ئۆتكەن ئۆلىمالارنى ئەيىبلەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ شەنىنى چۈشۈرۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام ئۆلىمالىرىغا بولغان مۇھەببىتىنى ۋە ئىخلاسىنى تۆۋەنلىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلىمالارغا قارىتا ئىشەنچىسى، ئىخلاسى ۋە مۇھەببىتى تۆۋەنلەپ كەتسە، ئۇلارنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ئىلىم مىراسلىرىنى ئۆگىنىشتىن مەھرۇم قالىدۇ. چۈنكى ئىنسانلار ئۆزلىرى ئىشەنچ قىلالمىغان كىشىلەرگە قىزىقمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئىلىم خەزىنىسىدىن مەنپەئەت ئېلىشنى خالىمايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئومۇمىي مۇسۇلمانلار. بىلەن ئۆلىمالار ئوتتۇرىسىدا چوڭ بىر ھاڭ پەيدا بولىدۇ ـ دە، ئۆلىمالارنىڭ ئىلمى ئۇلار بىلەنلا كېتىپ قالىدۇ، خەلق مەنپەئەت ئالالمايدۇ.

شەكسىزكى، ئىسلام دىنىنى «ئاللاھتىن چۈشكەن دىن» ۋە «ئويدۇرۇلغان دىن» دەپ ئىككىگە ئايرىش، مۇسۇلمانلارنى «ئاللاھ چۈشۈرگەن دىننىڭ مەنسۇپلىرى» ۋە «ئويدۇرۇلغان دىننىڭ مەنسۇپلىرى» دەپ بۆلۈش ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا قىلىنغان ئەڭ چوڭ زىيانكەشلىكتۇر. چۈنكى ھازىر مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۇلارنىڭ ئىناقسىزلىقى سەۋەب بولماقتا.

جانابى ئاللاھ تەپرىقچىلىك ۋە ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى ئازغۇنلارنىڭ پىتنە ـ پاساتلىرىدىن ساقلىغاي...



# ئىلىم ۋە ئىماننىڭ كارامىتى

سەئىد ئەلئەزەمى ئەننەدەۋى
ئابدۇلئەھەد ھاپىز تەرجىمىسى

ھازىرقى كۈندە مۇسۇلمانلار دۇنيا نوپۇسىنىڭ تۆتتىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلاردا ئىلىم مەرىپەت ۋە مەدەنىيەت بار. ئۇلار يۈكسەك ئىنسانىي ھازارەتكە ئىگە. مۇسۇلمانلار ئىگە بولغان سانائەت ۋە تېخنىكىلار تارىختا كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كۆپ. ئۇلاردا ماددىي ئىمكانىيەت ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتلەر ئېشىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ مەكتەپلىرى، ئۇنىۋېرسىتېتلىرى ۋە ھەر خىل ساھەدىكى بىلىم يۇرتلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ساناپ بولۇش قىيىن. ئۇلاردىكى بىلىم ـ مەرىپەت مەركەزلىرى، ئىلىم، دىن، ئەدەبىيات، مەدەنىيەت مائارىپ ساھەسىدە ئىشلەيدىغان ئالىملىرى يېتىپ ئاشىدۇ. ئۇلار تارىخنىڭ پۈتۈن باسقۇچلىرى ھەققىدە ئىنتايىن مول بىلىمگە ئىگە. شۇنداق تۇرۇغلۇق ھازىرقى مۇسۇلمانلار خەلقئارا جەمئىيەتلەر ۋە دۆلەتلەر تەرىپىدىن يەكلەنمەكتە، چەتكە قېقىلماقتا، كەمسىتىلمەكتە. ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى ماددىي ھايات ۋە ھۆكۈمرانلىق مىزانىدا ھېچقانداق سالماقلىقى ۋە ئېتىبارى بولماي كەلمەكتە.

مۇسۇلمانلاردىكى بۇ ئاجىزلىق ۋە ئېزىلىشنىڭ سەۋەبى زادى نېمە؟

مۇنۇ ھەدىس بۇ سوئالغا تولۇق جاۋاپ بولۇشى مۇمكىن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، خۇددى بىر لىگەندىكى تائامغا يېگۈچىلەر ئولاشقاندەك پۈتۈن مىللەتلەر سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلارغا بېسىپ كېلىدۇ (يەنى تائامغا چاقىرىلغانلار لېگەننىڭ چۆرىسىدە ئولتۇرۇپ، بىمالال تاماق يېگەندەك؛ كاپىر مىللەتلەر بىرلىشىپ ئۈسۈڭلارغا كېلىپ مال ـ مۈلكۈڭلارنى ئاسانلا ئېلىۋالىدۇ)»

دېگەندە، ساھابەلەردىن بىر كىشى: «يارەسۇلۇللاھ! ئۇ چاغدا بىز ئاز بولغانلىقىمىز ئۈچۈن شۇنداق بولامدۇ؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، سىلەر ئۇچاغدا كۆپ بولۇسىلەر؛ لېكىن سىلەر سەل ئۈستىدىكى كۆپۈككە ئوخشاپ قالىسىلەر؛ ئاللاھ دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ دىلىدىن سىلەردىن قورقۇش تۇيغۇسىنى ئېلىپ تاشلىۋەتكەن ۋە سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا ۋەھەننى سېلىپ قويغان بولىدۇ» دېدى. ئۇ كىشى: يا رەسۇلۇللاھ! ۋەھەن دېگەن نېمە؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ۋەھەن ـ دۇنيانى سۆيۈش ۋە ئۆلۈمدىن قورقۇشتۇر» دەپ جاۋاپ بەردى. »[1]

دېمىسمۇ ھازىر بارلىق تاجاۋۇزچى دۆلەتلەر ھەر خىل يوللار ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ دىيارىغا خىرىس قىلماقتا، ئۇلارنى بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇشتۇرۇپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ تەبىئىي بايلىقىغا ۋە پۇل ـ مېلىغا ئىگە بولۇشقا ئۇرۇنماقتا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇددىستلار ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ باللىرىنى، ئاياللىرىنى بوغۇزلاپ، مەسچىتلىرىنى، ئۆيلىرىنى ۋە شەھەرلىرىنى كۆيدۈرۈپ ۋەيران قىلماقتا، يەنە بىر تەرەپتىن كوممۇنىستلار مۇسۇلمانلارنى دىنىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەننى قىلماقتا.

بۇ ۋەھشىيلىكلەرنىڭ ھەممىسى سەۋەبسىز شۇنداق بولۇۋاتامدۇ؟ ياق، بۇنىڭ سەۋەبى مۇسۇلمانلار سانى كۆپ، بايلىقى مول ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە بولۇشىنىڭ ۋاستىلىرى تولۇق بولۇپ تۇرۇغلۇق، ئۇلارنىڭ ئىمانىدىن كېلىدىغان ھەيۋىتى يوقالغان، ئاچكۆز دۈشمەن ئالدىدىكى ئولجىغا ئايلىنىپ قالغان. چۈنكى ئۇلار بوشاڭلىق، ھورۇنلۇق ۋە قورقۇنچاقلىق كېسىلىگە مۇپتىلا بولغان، ئۇلار دۇنيانى سۆيۈش ۋە ئۆلۈمنى يامان كۆرۈش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىنئالا بەرگەن خەۋىرى تولۇق روياپقا چىقتى ۋە مۇسۇلمانلار دىيارىدا ئومۇملىشىپ كەتتى. مۇسۇلمانلارنى گۇناھ ـ مەسىيەت ۋە ئاسىيلىق دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كەتكەن ماتېرىيالىستلاردىن ئايرىغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. مۇسۇلمانلارنىڭ غەرب دۈشمەنلىكىنىڭ پىكرىي ۋە ئىجتىمائىي ھۇجۇمىدىن

[1]ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

هالقىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئەسكىرى ھۇجۇمغا ئۆتكەنلىكنى، ئىنتايىن قاتتىق قوللۇق بىلەن چوڭ تىپتىكى قىرغۇنچ قۇراللارنى ئىشلىتىدىغانلىقنى ئەسلەيدىغان ۋاقتى كەلدى. ھازىر ئىسلام دىيارلىرىدا مەيدانغا كېلىۋاتقان مەجبۇرىي كۆچۈرۈش، ھەيدەپ چىقىرىش، ئۆلتۈرۈش، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش قاتارلىق قىلمىشلار غەربلىكلەرنىڭ نىيىتىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنىڭ، ئۇلارنىڭ ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا بولغان دۈشمەنلىكىنىڭ تېخىمۇ يامانلىشىپ، ھەددىدىن ئارتۇق غالجىرلىشىپ كەتكەنلىكىنىڭ ۋە دىنىنىڭ ئاساسلىرىنى يىقىتىپ تاشلاپ، قەلبلەردىكى ئىمان ۋە ئىشەنچ يىلتىزلىرىنى قومۇرۇپ تاشلاشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنىڭ ئەڭ ئوچۇق ئىسپاتىدۇر.

ئىسلام دۈشمەنلىرى «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى» دەپ ئاتىۋالغان بىر ئورگان ئارقىلىق دۇنيادىكى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مەركەزلەرنى ئىگىلىۋالدى. مۇشۇ ئورگان ئارقىلىق ئىسلام مەملىكەتلىرىگە ۋە ئازسانلىق مۇسۇلمانلار ياشايدىغان دۆلەتلەرگە ئىقتىسادىي ئېمبارگو قويىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ يامان غەرەزلىرىگە يېتىش ئۈچۈن ئوخشىمىغان مىللەت ۋە خەلقلەردىن مىليونلارچە ئەسكەرلەرنى تەشكىللەپ، ئۇلارنى بىرلىك ئۈممىتى بولغان ئىسلام ئۈممىتىگە قارشى ئۇرۇشقا سالىدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت مۇسۇلمانلارنى تەلتۆكۈس يوقىتىش، ھېچبولمىغاندا، ئۇلارنى دۇنيادا ھېچقانداق نوپۇزى يوق، ئۆزىنىڭ دۇنياغا كېلىش غايىسىنى بىلمەيدىغان، پالەچ ئەبگالارغا ئايلاندۇرۇشتۇر. ئۇلار مۇسۇلمانلارنى ۋەيران قىلىش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئىسلامغا مۇستەھكەم بولغان مەملىكەتلەرنىڭ ھەممىسىدە قالايمىقانچىلىق، مۇقىمسىزلىق پەيدا قىلىپ، ھەرخىل ئىسىملار ئاستىدا ئۇرۇش چىقىرىۋاتىدۇ.

ئەگەر ئۇ نائەھلىلەر بۇ ئۇلۇغ دىنىنىڭ ھەر يەر ۋە ھەر زاماندىكى ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىگە تامامەن ماس كېلىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسا ئىدى، بۇ قەدەر دۈشمەنلىك قىلمىغان؛ پۈتۈن كۈچىنى ئۆزلىرىگە ھېچقانداق پايدا ئېلىپ كەلمەيدىغان ئىشلارغا ئىشلەتمىگەن بولاتتى. چۈنكى سەۋەبسىز ئۆزىنى قىيناش ھېچقانداق دىن ۋە قانۇندا ھەتتا بىلمەدىن يىراق جاڭگال قانۇنىدىمۇ قوبۇل قىلىنمايدىغان بىر ئىشتۇر. لېكىن ئۇلار تىنچلىقپەرۋەر، ئىنسانىيەتنى ھۆرمەتلەشكە، ئىنسانلارنى ھەر تۈرلۈك ھالاكەتلەردىن قۇتقۇزۇۋېلىشقا ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە

دۇنيانى ئىدارە قىلىش پۈرستى بېرىشكە چاقىرىــــدىغان مۇســۇلمانلارغا قارشــى يوقىتىش پىلانلىرىنى ئىجرا قىلىشتا چىڭ تۇرىدۇ.

ئىختىلاپ نۇقتىسى مانا مۇشۇ دۇنياغا ھۆكۈمرانلىــــق قىلىـــش نۇقتىســــدا يوشۇرۇنغان. چۈنكى ئۆز ۋاقتىــدا بــۇ ھۆكۈمرانلىققـــا ئۇممەتلەرنىـــڭ ئەڭ ياخشىســـى بولغـــان ئىســلام ئــۇممىتى ئېرىشكەن ۋە جــاھىلىيەت ئــۇممەتلىرى ئۇنىڭدىن مەھرۇم قالغان ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى شــۇكى، ھۆكۈمرانلىققــا ئــگە بولۇش ئۈچۈن ھەقلىق بولۇش كېرەك. ئىسلام ئــۇممىتى بولســا ئــۆز ۋاقتىــدا ئۇنىڭغــا ھەقلىــق بولــۇپ، دۇنيانىــڭ باشقۇرۇش تىزگىنىنــى قولىغــا ئالغــان. چۈنكى ئۇلار ئىسلامنىڭ تەلىماتلىرى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەربىيەســى بويىچە غۇبارسىز، توغرا يولدا ماڭغــان. ئــاللاھ تائــالا پۈتكــۈل ئىنســانىيەتكە مۇنداق خىتاپ قىلغان: «ئەي ئىنسانلار! بىز سىلەرنى بىر ئەر ۋە بىــر ئايالــدىن ياراتتۇق ۋە ســىلەرنى بىــر - بىــرىڭلار بىلەن تونۇشۇشۇڭلار ئۈچــۈن نۇرغــۇن ئــرق ۋە قەبىــلە قىلــدۇق. شــۇنى بىلىڭلاركــى ســىلەرنىڭ ئەڭ تەقــۋادار بــولغىنىڭلار ئاللاھنىــڭ نەزىرىــدە ئەڭ ھۆرمەتلىــك ھېسابلىنىســلەر. ئــاللاھ ھەقىـــقەتەن ھەممىنـــى بىلگـــۈچى ۋە ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.»[1] تەقۋالىق - ئـــاللاھ تائالاغـــا ئىتـــائەت قىلىـــش، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىــلەن ياشــاپ، ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ئىــش كۆرۈش دېگەنلىكتــۇر. ئــاللاھ تائــالا تەقۋالىـــق دەرىجىســـگە يەتـــكەن بەندىلىرىگە ئەلۋەتتە يــاردەم قىلــدۇ. دېـــمەك، ئـــالەمگە ۋە ئىنســــانلارغا ھۆكۈمرانلىـــق قىلىشـــقا لاياقەتلىـــك بولۇشنىڭ ئۆلچىمى تەقۋالىقتۇر. شۇ بىر ھەقىقەتكى، تەقــۋالىقتىن ئىبــارەت بــۇ ئـــالىي مەرتىـــۋىگە ئېرىشـــەلمىگەنلەر ھۆكۈمرانلىققـــا لايىـــق بولغانلارنىـــڭ ئالـــدىنى توســـۇش ۋە ئۇلارنىـــڭ ھۆكــۇمرانلىقنى قولغــا ئالدۇرماســلىق ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك ھىلە - مىكىرلەرنــى ئىشـــلىتىپ، ئـــۇلارنى ھەرخىـــل قىينچىلىقلارغا دۇچار قىلىــش ئــارقىلىق ئــۇلارنى ئــاجىزلىق ۋە قورقۇنچــاقلىق ھالىتىگە چۈشۈرۈپ قويماقچى بولىدۇ.

ئاللاھۇ سۇبھانەھۇ ۋەتەئــالا بىــزگە قۇرئـــان كەرىمـــدە ھەزرىتـــى داۋۇد ئەلەيھىســالامنىڭ قىسسىســنى بايــان قىلىــپ بېرىــدۇ. ئــاللاھ تائــالا داۋۇد ئەلەيھىســـالامغا - ئىتـــائەتمەنلىكى ۋە توختاۋسىز ئاللاھنى زىكىــر قىلىشــنىڭ مۇكاپىتى سۈپىتىدە كاتتــا پادىشــاھلىق بەرگەن ئىــدى. داۋۇد ئەلەيھىســـالام

[1] سۈرە ھۇجۇرات 13 - ئايەت

ئىتائەتمەن، بويسۇنغۇچى ۋە ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلىدىغان پادىشاھ بولۇپ، ئۇ ئىلمدە ۋە ئەمەلدە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولغان، ئۇنىڭغا تاغلارنى، ئۇچارلىقلارنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن. ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنى كۈچلەندۈرگەن، ئۇنىڭغا ھېكمەت ۋە مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلىش قابىلىيىتى ئاتا قىلغان. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، دىندا كۈچلۈك بەندىمىز داۋۇدنى ئەسلىگىن، ئۇ ھەقىقەتەن ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچى ئىدى. بىز ھەقىقەتەن تاغلارنى ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇلار داۋۇد بىلەن ئەتىگىنى-ئاخشىمى تەسبىھ ئېيتاتتى. قۇشلارنىمۇ ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇلارمۇ تەرەپ-تەرەپتىن توپلىنىپ، داۋۇد بىلەن بىللە تەسبىھ ئېيتاتتى. ھەممىسى ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچىدۇر. داۋۇدنىڭ سەلتەنىتىنى كۈچەيتتۇق، ئۇنىڭغا ھېكمەت ۋە جىدەل-ماجىرالارنى توغرا ھەل قىلىدىغان ئىقتىدار ئاتا قىلدۇق.»[①]

بۇ ئايەتلەر ئۈستىدە ئازراق ئويلانساق، بۇ ئايەتلەر بىزگە رەببىگە مۇستەھكەم باغلانغان ۋە ئۇنىڭ ۋەدىلىرىگە چىن ئىشەنچ قىلغان، ۋاقتىنى رەببىنى زىكىر قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن، رەببىمۇ ئۇنىڭغا ئىلىم، ئەمەل ۋە كاتتا كۈچ-قۇۋۋەت بەرگەن، تاغلارنى ۋە ئۇچارقۇشلارنى ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ۋە بۇ مەخلۇقلار بىلەن بىرلىكتە كېچە-كۈندۈز ئاللاھ تائالاغا تەسبىھ ئېيتىدىغان بىر بەندىنىڭ ئوبرازىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھقا ئەڭ يېقىملىق كېلىدىغان ناماز داۋۇدنىڭ نامىزى ۋە ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان روزا داۋۇدنىڭ روزىسىدۇر. چۈنكى ئۇ كېچىنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدە ئۇخلايتتى، كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇيتتى، كېچىنىڭ ئالتىدىن بىرىدە يەنە ئۇخلايتتى. بىر كۈن روزا تۇتۇپ، بىر كۈن تۇتمايتتى. دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقاندا ھەرگىز قاچمايتتى. ئۇ ھەقىقەتەن ئىتائەتمەن بەندە ئىدى.»

ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائەتمەن بەندىسى داۋۇد ئەلەيھىسسالام بۇ كاتتا مەرتىۋىگە پەقەت ئاللاھ تائالاغا چىن قەلبىدىن باغلىنىش، ھاياتى بويىچە ئۇنى ياد ئېتىش، ئۇنىڭغا بەندىچىلىك قىلىش ئارقىلىق ئېرىشتى ۋە دۇنياغا پادىشاھ

① سۈرە ساد 18-20-ئايەتلەر

بولۇپ، ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان مەرتىۋىگە ئېرىشكەندىمۇ مال ـ دۇنيا، ئائىلە، مەنسەپ دېگەنلەرنىڭ مۇھەببىتىگە بېرىلمەي داۋاملىق ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىش بىلەن بولدى. ھەزرىتى داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە بېرىلگەن ماددىي ۋە مەنىۋى نېمەتلەرنىڭ ھەممىنى ئۆز لايىقىدا ئىشلىتىشنى بىلدى، بىرىگە بېرىلىپ يەنە بىرىنى تاشلاپ قويمىدى. ئۇ ئىلمىي ۋە ئەمەلىي كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ئىشلىتىشتە، دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتىكى ھېكمەت ۋە مەسىلىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى جارىي قىلدۇرۇشتا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىدى. ئۇ قەلبى، ئەقلى، ئىلمى، ھۇشيارلىقى، ئەدەپ ـ ئەخلاقى ۋە تىلىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى قاتارلىقلارنى ئوخشاش ئىشقا سالالىدى. كىشى مانا مۇشۇنداق ئاللاھ تائالانى رازى قىلىدىغان شەكىلدە ياشىسا، ئۇنىڭغا ھەر يەردە ئۈستۈنلۈك، كۈچ ـ قۇۋۋەت، بەخت ـ سائادەت ۋە ئىلىم ـ ھېكمەت يار بولىدۇ. بۇنداق كىشى ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ غەلىبىسگە ئېرىشىدۇ. ھەر ئىشىدا ۋە ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئاللاھ تائالانىڭ ياردەم ۋە تەۋپىقىگە سازاۋەر بولىدۇ. ئۇ ئاللاھتىن باشقىسىدىن قورقمايدۇ، ئاللاھتىن باشقىسىغا يېلىنمايدۇ، ئاللاھ ئۈچۈن ياشايدۇ، ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر كۈچ ھەرقانچە چوڭ بولۇپ كەتسۇن ئۇنى قورقۇتالمايدۇ، ئۇ ھېچقانداق پادىشاھ ۋە سۇلتانغا پەسەنت قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بارلىق غېمى ئاللاھنى رازى قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ ياردەم ۋە غەلىبىسگە ئېرىشىشتۇر.

بۇ يەردە ئازراق ئۆتمۈشىمىزگە قايتىپ ئىسلامنىڭ دەسلەپكى ئەھۋالىنى ئەسلىگىنىمىزدە، ساختا كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە يالغان سەلتەنەتنىڭ ئالدىدا ئىمان ۋە ئەقىدىنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىدىغان بىر كۆرۈنۈش كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ھەزرىتى سەئىد ئىبنى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەبئى ئىبنى ئامىرنى پارسلارنىڭ دۇنيانى قورقۇتىدىغان كۈچلۈك قۇماندانى رۇستەمگە ئەۋەتىدۇ. رەبئى ئىبنى ئامىر رۇستەمنىڭ ئالدىغا كىرىدۇ، رۇستەم بولسا يىپەك گىلەملەرنىڭ ئۈستىدە، ئالتۇن، كۈمۈش، قىممەتلىك ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار بىلەن بىزەلگەن ھەشەمەتلىك تەختنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى. رۇستەمنىڭ بېشىدا گۆھەرلەر بىلەن زىننەتلەنگەن ئالتۇن تاج بار ئىدى. ئەتراپىدا ۋەزىرلەر، دۆلەت ئەربابلىرى ۋە ھەربىي قۇماندانلار قول باغلاپ تۇراتتى. رەبئى ئىبنى ئامىر ئۇنىڭ ئالدىغا ئادەتتىكى كىيىمى، قولىدا نەيزىسى بىلەن قالقىنى ۋە پاكار ئېتىغا

مېنگەن هالدا كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئىپتى رۇستەمنىڭ قىممەتلىك يىپەك گىلىمىگە دەسسەپ تۇرىدۇ. ئاندىن رەبئى ئىبنى ئامىر ئاتتىن چۈشۈپ، گىلەمنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ئالتۇن بىلەن بىزەلگەن ئىپسىل ياستۇقلاردىن بىرىنى نەيزىسى بىلەن تىشىپ ئىپتىنى ئۇنىڭغا باغلىدى. بۇنداق قىلىشى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇرۇش قىلىشى دۇنيالىق ئۈچۈن ئەمەسلىكىنى ئىپلان قىلىش ئىدى. ئۇ قولىدىكى قورالى، تۆمۈر كىيىمى ۋە بېشىدىكى دۇبۇلغىسى بىلەن رۇستەمنىڭ ئالدىغا ماڭىدۇ. ئۇنى مۇلازىملار توسۇپ، قولۇڭدىكى قورالىڭنى قويۇپ ماڭغىن، دەيدۇ. رەبئى ئىبنى ئامىر: «مەن سىلەرگە يالۋۇرۇپ كەلگىنىم يوق، سىلەر چاقىردىڭلار، شۇڭا مەن كەلدىم. مېنى بۇ هالىم بىلەن قويساڭلار قويۇڭلار، بولمىسا قايتىپ كېتىمەن» دەيدۇ. رۇستەم «ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلىڭلار» دەيدۇ. رەبئى ئىبنى ئامىر رۇستەمنىڭ ئالدىدا نەيزىسىنىڭ ئۇچى بىلەن ئىپسىل گىلەمنى يىرتىۋېتىپ داق يەردە ئولتۇرىدۇ، رۇستەم ئۇنىڭغا: «سىلەرنى كىم ئەۋەتتى؟» دەيدۇ. رەبئى ئىبنى ئامىر: «ئاللاھ بىزنى خالىغان كىشىنى بەندىگە قۇل بولۇشتىن ئاللاھقا قۇل بولۇشقا، دۇنيانىڭ تارچىلىقىدىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ كەڭرىچىلىكىگە ۋە دىنلارنىڭ زۇلمىدىن ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە چىقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتتى» دەيدۇ.

دەسلەپكى مۇسۇلمانلار مانا مۇشۇنداق قورقماس، شىجائەتلىك ۋە جاسارەتلىك بولۇپ، چوڭ دۆلەتلەرنى ۋە ماددىي كۈچلەرنى ئۆزلىرىگە بويسۇندۇراتتى. ئۇلار دۇنياغا ۋە ئۇنىڭ زىنەتلىرىگە ئىمانىي نەزەر بىلەن قارايتتى. ئۇلار ئۆزلىرىدىكى ئىماننىڭ كۈچى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىگە بولغان ئىشەنچىسى بىلەن بۈيۈك پادىشاھلارغا ۋە سۇلتانلارغا قارشى تۇراتتى. چۈنكى ئۇلار ھەقىقىي مۆئمىنلەر بولۇپ، ئۈممەتنىڭ بىرلىكىنىڭ هالاۋىتىنى تېتىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ رەببى بىلەن بولغان رىشتىسى ئىنتايىن مۇستەھكەم ۋە كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار رەببىگە، رەببىنىڭ غەلىبە ئاتا قىلىدىغانلىقىغا ۋە ۋەدىسىگە چىن ئىشەنچ قىلاتتى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە سالىھ ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا هۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم هۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى. ئۇلار ماڭا قۇللۇق قىلىدۇ، ماڭا هېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ، شۇ

ۋەدىدىن كېيىن كاپىر بولغانلار ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر.»[①]

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! سىزگە يۇقىرىدا قىسسىسى بايان قىلىنغان ئىككى شەخسنىڭ بىرى ئۆز ۋاقتىدا دۇنيانى تىترەتكەن پارىس ئىمپېراتورلۇقىنىڭ كۈچلۈك قوماندانى رۇستەم، يەنە بىرى ئۆزىدىكى ئىمانى كۈچى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى بىلەن قوراللانغان بىر مۆئمىن ئەلچى بولۇپ، بۇ ئەلچى قەلبىدىكى ئىماندىن كەلگەن مۆئمىنگە خاس ھەيۋىسى بىلەن ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدىغان زالىم قوماندان ئالدىدا ئاللاھ تائالانىڭ كالامىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاپشۇرۇقىنى ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن، قىلچە قورقماستىن دادىل ئوتتۇرىغا قويالىدى ۋە ئالدىدىكى كۈچلۈك قوماندانىنى تەمتىرىتىپ قويدى. چۈنكى بۇ ئىسلام ئەلچىسىنىڭ ھەر ھالىدىن ئىمان، ئەقىدە، ئىشەنچ ۋە كۈچ ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ھەيۋەتلىك پارىس قوماندانى بۇ ئاددىي بىر مۇسۇلماننىڭ ئىمان بىلەن تولغان قەلبىدىن چىققان سۆزلىرى ئالدىدا قانداق قىلدى دەيسىز؟ ئۇ پارىس ئىمپېراتورلۇقىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچى ئالدىدا ھېچ نەرسىگە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە مۇسۇلمانلارغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدى. نەتىجىدە، مۆئمىنلەر ئۇنىڭ زۇلۇم بىلەن باشقۇرغان زېمىنلىرىدا ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى ۋە ئىسلامنىڭ ئادالىتىنى يۈرگۈزدى.

دېمەك، بىر ئىنساندا ياكى بىر جەمئىيەتتە دۇنيا سەۋىيەسىدە ماددىي كۈچ-قۇۋۋەت بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەمەلىي ئىمان كۈچى، ئىلىم-ھېكمەت كۈچى ۋە ئاللاھقا چىن ئىشەنچ تېپىلسا، ئۇ ئىنسان ياكى جەمئىيەت ئاجايىپ كاتتا ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرالايدۇ، كۇفرىغا ۋە زۇلۇمغا قارشى ئىنقىلاپتا غەلىبە قىلالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ئۆز نەپسىنى يامانلىقتىن ياخشىلىققا، رەزىللىكتىن پەزىلەتكە ئۆزگەرتىشى، ئۇنى جاھالەتنىڭ ئازغۇنلۇقىدىن ئىلىم ۋە ئىرپان ساھەسىگە ئېلىپ چىقىشى، ئاللاھ بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىشى لازىم. ئەگەر بىز مۇشۇ ئىشلارنى قىلالىساق، ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىدە، جەمئىيەت ۋە ھۆكۈمەتلەردە چوڭ ئۆزگىرىش پەيدا قىلالايمىز. «بۇ ئاللاھ تائالاغا قىيىن ئەمەس»

ئاللاھ ھەق ئېيتىدۇ ۋە توغرا يولغا باشلايدۇ.[②]

① سۈرە نۇر 55-ئايەت

② بۇ ماقالە ھىندىستاندا ئەرەبچە چىقىدىغان قوش ئايلىق «ئىسلامىي ئويغىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 2017-يىلى ئاپرېل ۋە ماي سانىدا ئېلان قىلىنغان.




ئىنسان بەزىدە ئەمەلىي رېئاللىقنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، قەلبى بىلەن ھېس قىلىپ، رېئال دۇنياغا چۆكمىگۈچە چۈشىدىن ئويغىنالماي رېئال تۇرمۇشتىن يىراق ياشاۋېرىدىغان گەپ ئىكەن. بۇنداق دېيىشىمىدىكى سەۋەپ، بىز ۋەتەنىدىكى ۋاقىتتا بەك كۆپ ئىشلارنى چەتئەلگە چىققاندىن كېيىن خالىغانچە قىلالايمىز دەپ ئويلايتتۇق. ئويلىغان ئىشلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ چەتئەلگە چىققاندىن كېيىن چۈشكە ئوخشاش بىر شېرىن خىيال ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئەمەلىيەتتىن سەل يىراق ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. دېمەك، قازاننىڭ قۇلىقى نەگىلا بارساق تۆت دېگەن گەپ. ئەمما ئوخشىمايدىغان بىر تەرىپى چەتئەلدە بىز ئۆزىمىزنى دۇنيانىڭ رەھىمسىز سىياسىتى

ئالدىدا ھەقىقى مەنىدىكى دەۋا ئادىمى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشتا قەدەممۇ بىر پۇرسەتلەرگە ئۇچرىشىپ تۇرىدىكەنمىز. ئەركىن جەمئىيەتنىڭ پايدىسى مۇشۇ تەرەپتىن بولىدىغان ئوخشايدۇ. بۇ خۇددى ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغان كىشىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئەڭ خەتەرلىك يول بىلەن جېنىنى قۇتۇلدۇرۇشنى ئويلىشى، يەنە بىرى ئۆلىدىغانلىقى راس، ئەمما ئۇ كۈنىنىڭ كېلىشىگە ئازراق ۋاقىت بار كىشى بولۇپ، ئۇ قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئەتراپلىق ئويلىنىپ، ھەم رەقىبىنى مەغلۇپ قىلىدىغان ھەمدە جېنىنى قۇتۇلدۇرىدىغان ياخشى بىر پىلان تۈزگەن كىشىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ.

زۇلۇم ئاستىدا ياشىغان ئىنساننىڭ

پۇتكۇل ئىمتىياز ۋە ھوقۇقلىرى دەپسەندىچىلىككە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، بىر ئىنسان زۇلۇم ئاستىدا زۇلۇمغا بويمۇ ئەگمەي ھەمدە زۇلۇم ئۈستىدىن غەلىبىمۇ قىلالماي ئۇزۇن مەزگىل ياشىسا، ئاللاھنىڭ ئىلاھىي مۆجىزىسى يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بار شىرىن خىياللارنى تولا قىلىدىغان، ھېسسىياتچان ھەمدە ھېسسىياتى بىر قەدەر كۈچلۈك بولۇپ قالىدىكەن. بۇ خىل ئەھۋال ياشلاردا كۆپرەك شەكىللىنىدىكەن؛ چۈنكى، ياشلارنىڭ بىر ئاز قېنى قىزىقراق، غۇرۇرى ھېسسىياتى بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ، سەل كۈچلۈكرەك شەكىلدە مەيدانغا كېلىدىكەن. قولدا ھېچ بىر تۆمۈرنىڭ پارچىسى يوق ھالەتتە تۇرۇقلۇق، باشقىلار تەرىپىدىن قورالياراقلارنىڭ ھەر خىللىرى بىلەن ھەيۋە قىلىنىپ، مىللىي، دىنىي ۋە ئىرقىي كەمسىتىشلەرگە ئۇچراپ غۇرۇر- ۋىجدانلىرى يەرگە ئۇرۇلسا، ئاز بىر قىسىم كىشىلەردىن باشقا كىشىلەر تەسىرلەنمەي قالىدۇ دەمسىلەر! دەل شۇ ۋاقىتتا قولدا تۆمۈرنىڭ پارچىسى بولمىغان بىلەن، غەزەپ نەپرەتكە تولۇپ كەتكەن بۇ يۈرەكتە قورال- ياراقلارنىڭ ھەر خىللىرى خىيالەن تېپىلىدىكەن. كۈندىن كۈنگە شۇ نەرسىلەرگە بولغان ھەۋەس كۈچلىنىپ ماڭىدىكەن. شۇ قورال بىلەن ئۆزىنىڭ مەسلىسىنىڭ تامامەن ھەل بولۇپ ياخشىلىنىش بولىدىغانلىقىغا قارىتا قەلبىنى ئۈمىد غۇنچىلىرى قاپلايدىكەن؛ چۈنكى، بىراۋ سىزگە بىھۇدە زۇلۇم قىلىپ سىزنىڭ ھەققىڭىزگە تاجاۋۇز قىلسا، سىزنى ھەرخىل تۆھمەتلەر بىلەن قارىلاپ، ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك قىلغاندەك، سۈكۈت قىلسىڭىزمۇ سىزگە ئاۋۋەل مۇش ئاتسا، ئەلۋەتتە سىز ئۇ زالىمنى تېزلا يەر چىشلىتىدىغان بىرەر سايماننىڭ قولىڭىزغا چىقىشنى ئارزۇ قىلىسىز ھەمدە ئىزدەشكە باشلايسىز. ئېغىر زۇلۇمدا ياشاپ، زۇلۇمنى كۆزى بىلەن كۆرگەن جىسمى بىلەن زۇلۇمنىڭ تەمىنى تېتىغانلار ئۆز دۈشمىنىنى يەرچىشلىتىشتە تەرەققىي قىلغان ھازىرقى ۋاقىتتا ئىزدەيدىغان بىردىنبىر نەرسە دەل قورال بولىدىكەن؛ بۇ ۋاقىتتا ئىنساننىڭ ئەقلىنى ھېسسىيات پەردىسى قاپلىۋالغان بولۇپ، ئەقىل قوماندانلىق مەركىزىدىن چېكىنىپ چىقىپ، ھېسسىياتقا ۋەزىپىسىنى ئۆتۈنۈپ بەرگەن بولىدىكەن. ئارقىدىن كېلىپ چىقىدىغان نەتىجە بولسا، بۇ قورال بىلەن قانچىلىك مەسىلە ھەل بولىدۇ؟ بىز ئارزۇ قىلغان زۇلۇمدىن زادى مۇشۇ قورال ئارقىلىق قۇتۇلۇش ھازىرقى شارائىتتا مۇمكىنمۇ، بىز قارشى تۇرىدىغان دۈشمەن بىزنىڭ تاقىتىمىزدىن

قانچە ھەسسە چوڭ؟ دېگەنلەرنى ئويلاش كاللىمىزغا كەلمەيدىكەن، كەلگەن تەقدىردىمۇ بۇنىڭدىن باشقا چارە تەدبىرلەر ئۇنۇم بەرمىدى ھەم بەرمەيدۇ دەپ تۇرۇۋپ شۇ قارارنى توغرا تەرەپكە بۇراشقا تىرىشىدىكەنمىز.

بۇ مەسىلىنى دۇنيانىڭ سەۋەپ قانۇنىيتى ۋە كۈچ سىلىشتۇرمىسى ئارقىلىق چۈشىنىشكە ئۇرۇنمايدىكەنمىز. بەلكى چۈشەندۇرۇشكە كۈچگەنلەرنى ھەرخىل ناملار بىلەن سۆپەتلەپ، ئۇلارنى ئۇ تەشۋىقاتىدىن توختىتىشقا تىرىشىدىغان كەيپىياتلار شەكىللىنىدىكەن.

كۆنلەر مۇشۇنداق پىكرىي ئىزتىراپلار ئىچىدە كۆنىدىن كۆنگە شىددەتلىك زۇلۇم ئىچىگە قاراپ كېتىۋاتقان پەيتتە، ئەمەلىيەت ئۇياقتا تۇرۇۋپ تۇرسۇن ئىلگىرىكى شىرىن خىياللىرىمىزنىمۇ قىلىشقا جۈرئەت قالمىغان بىر ۋاقىتلاردا ئاللاھنىڭ ھېكمىتى بىلەن، دۈشمەننىڭ پىلانلىق سۇيىقەستىگە پىچكا بولۇپ چەتئەلگە چىقىپ قالدۇق.

بەزىلىرىمىزگە چەتئەل ھاياتى ئاللاھنىڭ رەھمىتى، ئەمەلىي رېئاللىق بىلەن باشلانغان ۋە داۋاملىشىۋاتقان بولسا، بەزىلەرنىڭ ھاياتى ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن شۇ چۈش ئارقىلىق باشلانغان. ئۇزۇنغا بارماي ئۇلارنىڭ چۈشى بۇزۇلۇپ، ئەمەلىيەتكە ئويغاق ھالەتتە قاراپ، كۆز قاراشلىرىدا زور دەرىجىدە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغان كىشىلەردۇر. يەنە بەزىلىرىمىزگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ چەتئەل ھاياتى دۈشمەننىڭ سۇيىقەستى ھەمدە ئەمەلىيەتتىن يىراق بولغان چۈش بىلەن ھېلىھەم داۋاملىشىۋاتىدۇ! بۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ شۇ ئىسكەنجىلەردىن قۇتۇلۇشنى ئۇلۇغ رەببىمىدىن تىلەش بىلەن بىرگە، بۇلارنى رېئال دۇنيادىكى ئەمەلىيەتكە قانداق باشلاپ كىرىش، شىرىن چۈش ئىچىدىكى ئۇيقۇسىدىن قانداق ئويغىتىش ئويلىنىشقا ۋە جىددى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە سۈپىتىدە ساقلىنىۋاتىدۇ.

بىز ئۆز يۇرتىمىزدىن نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراق، تۇرمۇش ھاياتىمىزدىكى ھەر نەرسىدىن پەرقلىق ياشايدىغان بىر مىللەت ئىچىدە تۇرۇۋپتىمىز. بىز بۇ يەردە مىللەت نامىمىز ئايرىم بىر ئاتالغۇ بىلەن ئاتىلىدىغان، شۇنىڭغا يارىشا چىرايىمىزمۇ ئۆزىمىزنى يەرلىك خەلقتىن ئايرىپ تۇرىدىغان بىر خىل ھالەتتە تۇرۇۋپتۇق. دەل يۇقىرىدىكى ئامىللار تۈپەيلى ئارىمىزدىن بىرسى دۇنيادىكى

پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئەسلى تەبئىتىدە بار بولغان ھەقىقىي بىر ئىنسانىيلىققا ئۇيغۇن بىر ئىشنى قىلسا، بۇ ئىشنىڭ شەرىپى قىلغان كىشىگىلا بولماستىن بەلكى شۇ كىشىنىڭ مىللىتىگە مەنسۇپ بولىدىكەن. ئەكسىچە، ئىنسانىيەتنى سەسكەندۈرىدىغان بىرەر ئىشنى قىلسا، بۇ ئىشنىڭ ۋابالى يەنىلا مىللەتكە يۈكلىنىدىكەن.

بۇ قارىماققا ئادالەتسىز بېرىلگەن باھادەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىكەن. چۈنكى، بىز ھازىر (ئۆز ۋەتىنىمىزدىكى قىلغان ئىشنىڭ نەتىجىسى، قىلغۇچىنىڭ ئۆز مىللىتى ۋە قەۋم قېرىنداشلىرىدىن ئىبارەت قىلغۇچىنىڭ ئۆزىدىن بولغان كىشىلەرنىڭ باھا بېرىشى بىلەن، قىلغۇچىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدىغان) خۇسۇسىيلىقتىن ۋە يالغۇزلۇقتىن (بىزگە ھەممە تەرەپتىن يات بولغان، بىزنى ئىچىمىزدىن ئەمەس ئەتراپىمىزدىن خۇددى بىزنى سەھنىدىكى ئارتىستنىڭ ئورنىدا قويۇپ كۆزىتىدىغان خەلقئارالاشقان ئەركىن جەمئىيەتتە) ئومۇمىيلىققا ۋە جامائەتلىشىشكە قاراپ كېتىۋاتىمىز. دېمەك، بىز مەنزىلگە يېتىش ئۈچۈن تېخىچە دېڭىز ئىچىدە ئاددىي ياسالغان كېمە بىلەن، سەل-پەل بىخەستەلىك قىلساق بىزنى پاچاقلاپ تاشلايدىغان خەتەرلىك دولقۇنلارنى كېزىپ يۈرۈۋاتىمىز دېگەن گەپ.

مەنزىلگە ساق-سالامەت يېتىپ بېرىش ئۈچۈن كېمە ئۈستىدىكى ھەربىر كىشى كېمىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئالاقىدار مەسئۇلىيىتىنى ياخشى تونۇش بىلەن بىرگە، ئەتراپىدىكى سەپەرداشلىرىغا كۆز قۇلاق بولۇپ، دېڭىز دولقۇنىغا ماسلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلىشى كېرەك بولىدىكەن. ئەگەر كېمىنىڭ ئۆزى تەرىپىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، باشقىلار تەرىپى بىلەن كارى بولمىسا ياكى دولقۇنغا ماسلاشماستىن، مەنزىلگە يېتىپ بېرىش يولىنى قىسقارتىش باھانىسى بىلەن دولقۇننىڭ قارشىسىغا ماڭسا، بۇ كېمىدىكىلەرنى ھالاكەتنىڭ كۈتۈۋېلىشى ئېنىق بىر ھەقىقەت بولۇپ، مۇشۇنداق ھالەتتە كەلگەن ھالاكەت سەۋەپ دۇنياسىنىڭ قانۇنىيىتىگە خىلاپ ئەمەستۇر.

خېيىم-خەتەر بۇنىڭلىق بىلەنلا تۈگەپ قالماستىن، يۇقىرىدىكىدىنمۇ زور ھەل قىلىش قىيىن بولغان ئىتتىپاقسىزلىق كىرزىسى بىزنى شىددەتلىك دولقۇنلار ۋە بىر توپ ئەقلىنى ھېسسىياتى يۆگىۋالغان كىشىلەر تەرىپىدىن پاچاقلىناي دەپ قالغان كېمە ئۈستىدە كۈتۈپ تۇرۇپتۇ! شۇنچىلىك خېيىم-خەتەر قاپلىۋالغان بۇ كېمىگە بىرلىككە كېلەلمەيدىغان

بىرمۇنچە كىشىلەر ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماستىن چىققانلىقى تولىمۇ غەلىتە! بەلكى بۇلارنى بۇ كېمىگە چىقىشقا مەجبۇرلىغان بىرەر نەرسە باردۇ ياكى بۇلار خالاپ-خالىماي بىر كېمىگە چىقىپ قالغاندۇ ۋە ياكى...

ئىشقىلىپ نېمە بولسا بولسۇن ئۇلار كېمىگە چىقىپ بولدى. كېمىگە چىقماستا ھەممىسى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل قاراش، پىلان ۋە ھەرىكەتلەر بىلەن ئىش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، كېمىدە ئۇنداق بۇلىشى مۇمكىن ئەمەس. مۇمكىن دېگەن تەقدىردە ھەر ئادەمنىڭ ئويلىغانلىرى ئۆز ئىچىدىلا قالىدۇ. قىرغاققا ساق سالامەت يېتىۋېلىش ئۈچۈن ئومۇمنىڭ پىكرىگە قوشۇلماي، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغان ئاساستا ھەرىكەت قىلماي ئامال يوق. مانا ئۇلارغا كېرەكلىك بولغان ئەڭ مۇھىم ئىش ئەمدى مەيدانغا كېلىدىغاندەك قىلىدۇ! ئۇ بولسىمۇ بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەجبۇرىي مەيدانغا كېلىدىغان پىكىر ۋە ھەرىكەت بىرلىكى.


قاراپ باقىدىغان بولساق، بەزىلەرنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى ئۆز مىللىتى، بەزىلەرنىڭ مەنزىلى ۋەتەن ۋە شۇ ۋەتەن ئەھلى (شۇ ۋەتەندە ۋەتەننىڭ ئەسلى ئىگىلىرى بىلەن قارشىلىشىش ئېھتىماللىقى يوق ياشايدىغان ھەر قانداق مىللەت)، يەنە بەزىلەرنىڭ مەنزىلى ئىسلام. بۇلار بىر-بىرىدىن قانداقمۇ ئايرىلسۇن! خۇددى كېمىدىكىلەر قىرغاققا چىقىش ئۈچۈن بىر-بىرىدىن ئايرىلالمىغاندەك. ۋەتەن دېمەك بىر تۇپراقنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تۇپراق ئىنسان بىلەنلا ۋەتەن ئۇقۇمىغا ئىگە بولالايدۇ. ئىنسانلا بولىدىكەن بىر مىللەتكە تەۋە بولىدۇ. ئىسلام دەل شۇ ۋەتەننى بەرپا قىلغان مىللەتتىن دۇنيانىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە تارايدۇ. خۇددى مەككە ۋە مەدىنە يەرشارىدىكى ئەرەب مىللىتى ياشاپ كەلگەن بىر زېمىن بولۇپ، ئىسلام شۇ زېمىندىكى ئەرەبلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن دۇنياغا تاراپ، ھەر مىللەت ئۆز تىلى بىلەن دىننى قوبۇل قىلغىنىدەك، مىللەتنى، ۋەتەننى ۋە دىننى بىر-بىرىدىن ئايرىپ، بىرىنى قوغداپ، يەنە بىرىنى ئىنكار قىلىپ ياشاش ئاللاھنىڭ زېمىن يۈزىدىكى ئىلاھىي ھېكمەت قانۇنىيىتىنى ئىنكار قىلغانلىقتۇر. دېمەك، پەرقلىق ئاتالغۇلاردىكى بىز قوغلاپ يەتمەكچى بولۇۋاتقان نەرسىمىز ماھىيەتتە بىر

نەرسىدۇر. ئۆزىمىز ئېتىراپ قىلمايدىغان بۇ ھەقىقەت بىزنى بىر كېمىگە ئېلىپ چىققان بولسىمۇ، ئەمما ئېتىراپ قىلمايۋاتىمىز. ئېتىراپ قىلمايدىغانلار ھازىرغىچە چۈش ئىچىدە ياشاۋاتقانلار بولۇپ، بۇلارنى ئويغىتىپ رېئاللىققا باشلىمىغۇچە، كېمىدىكىلەر خەتەردىن قۇتۇلالمايدۇ.

بىز بۇ خەتەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دوستقا ۋە ياردەمچى كۈچكە مۇھتاج. بىزنىڭ دوستىمىز ئەلۋەتتە بىزنىڭ دىنىمىزغا ئىشەنگەن ۋە ئۇنى ئىلاھىي قانۇن دەپ تونۇغانلار بولىدۇ. ياردەملەشكۈچى كۈچ بەلكى پاسىق بولۇشى مۇمكىن، ھەتتا دىنسىز بولۇشىمۇ مۇمكىن. پەيغەمبىرىمىزگە ئەبۇ تالىپ يار-يۆلەك بولغاندەك، پەيغەمبىرىمىز تائىپتىن قايتقىنىدا بىر مۇشرىكنىڭ (بۇددىست) كېپىللىكى بىلەن مەككىگە كىرگىنىدەك.

ھازىرقىدەك ئاجىز ھالىتىمىزدە ئۆزىمىزنىڭ دىندارلىق مەيدانىمىزدا مۇستەھكەم تۇرغان ھالەتتە، باشقىلارنىڭ ئاخىرىتىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرماي، دۇنيالىقتىكى بىز مىللەت پايدىلىنالايدىغان تەرىپى بىلەن ھېسابلاشساق، ئۇنىڭ ئاخىرىتىنى ئاللاھقا تاپشۇرساق بىز مىللەتكە لايىق شۇ ئىدى.

ئاخىرىدا دەيدىغىنىم يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك، بىز ھازىر خىلمۇخىل كىشىلەر بىلەن بىر كېمىدە كېتىۋاتىمىز. قىرغاققا چىققۇچىلىك بىزگە سەپەرداش بولغانلارغا ھەقىقىي بىر شەكىلدە تەسىر كۆرسىتەلىسەك، كېمىنىڭ قىرغاققا بىخەتەر چىقىشىدىلا غەلىبە قىلماستىن، قىرغاققا چىقىپ بولغاندىن كېيىنكى باسقۇچلاردىمۇ غەلىبە قىلالايمىز. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، قىرغاققا يېتىپ بولغاندىن كېيىنكى تالاپەت ھازىرقىدىن ئېغىر ھەم پاجىئەلىك بولۇپ، پۈتكۈل دۇنيانىڭ مەسخىرىسىگە قېلىشىمىز مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقىدەك مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە، ھەربىر ئەقىل ئىگىسى بولغان كىشى ئۆزىنىڭ گەپ-سۆزىدىكى ۋە ھۆرمەتتىكى ھەققىدىن بولسىمۇ چۈشۈپ بېرىپ، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش ۋە يول قويۇش ئاساسىغا قۇرۇلغان دوستلۇقنى ساقلاپ قېلىش كېرەك.






هازىرقى تۈركىيە ھۆكۈمىتى بىر تەرەپتىن ئىسلام دۇنياسىغا يەنە بىر تەرەپتىن تۈرك دۇنياسىغا ھامىيلىق قىلىشقا تىرىشىۋاتقان بىر پەيتتە، ۋەتىنىمىزدىكى ئالاھىدە ئۆزگىرىشلەر سەۋەبىدىن دۇنيانىڭ تەرەپ-تەرەپلىرىدىن تۈركىيىگە كېلىپ كېتىۋاتقان ۋە ئورۇنلىشىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى خېلى كۆپەيدى. ئەمما تۈركىيەنىڭ دىنىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىكى مۇرەككەپ ئەھۋالى بەزى كىشىلىرىمىزنى خېلى گاڭگىرىتىپ قويىدى. بەزىبىر ئاقكۆڭۈل ۋە ساددا تىجارەتچىلىرىمىز قويمىچىلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ ئىقتىسادىي جەھەتتىن زىيانغا ئۇچراۋاتقان بولسا، يەنە بەزىبىر نادان كىشىلىرىمىز تاشقى كۆرۈنۈشى دىنىي ئالىم، ئەمەلىيەتتە دىن دۈشمەنلىرىگە خىزمەت قىلىدىغان ئازغۇن پىكىردىكى كىشىلەرگە ئەگىشىپ كېتىپ توغرا ئىسلام تەلىماتلىرىدىن يىراقلىشىپ خاتا ۋە ئەگرى توقاي يوللارغا كىرىپ كېتىۋاتماقتا. يەنە بىر تەرەپتىن بەزىبىر يامان غەرەزلىك پىكىرلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان نادان ئۇيغۇرلار تۈركىيە ھەققىدە ھەرخىل سەپسەتىلەرنى ۋە تۆھمەتلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ خەلقىمىزنى قايمۇقتۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا.

بىز ئەنە ئاشۇ ھەقىقەتلەرنى كۆز ئالدىمىزدا قويغان ھالدا ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ھەرخىل مىللەت ۋە ئىرقلاردىن تەركىپ تاپقان، ھەرخىل ئېتىقاد، مەزھەپ، مەدەنىيەت ۋە كۆزقاراشلارغا مەنسۇپ كىشىلەرنى ۋە تۈركىيە جەمئىيىتىنى چۈشىنىشكە ياردەمچى بولۇپ قالار دېگەن ئۈمىد بىلەن بۇ قېتىمقى نەزىرىمىزنى تۈركىيەنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا قارىتىشنى ئۇيغۇن كۆردۇق.

ئاساسلىق ماۋزۇغا ئۆتۈشتىن بۇرۇن تۈركىيەنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز.

### تۈركىيەنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى ۋە جۇغراپىيىلىك ئورنى:

تۈركىيە ئاسىيا ۋە ياۋروپا ئىككى قىتئەگە جايلاشقان دۇنيادىكى بىردىنبىر دۆلەت بولۇپ، ئۇنىڭ زېمىنىنىڭ 97% ئاسيادا قىتئەسىگە، قالغان 3% زېمىنى ياۋروپا قىتئەسىگە جايلاشقان. تۈركىيەنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 814. 578 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ تۈزلەڭلىك زېمىنى 562 .783 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ 7200 كىلومېتىرلىق دېڭىز چېگرا سىزىقى غەربتە ئەگە دېڭىزى، جەنۇبتا ئاق دېڭىز، شىمالدا قارا دېڭىز قاتارلىق دېڭىزلارنى بىر-بىرىگە باغلىسا، ئۇنىڭ 2648 كىلومېتىرلىق قۇرۇقلۇقتىكى چېگرا سىزىقى تۈركىيىگە قوشنا بولغان جورجىيە، ئەرمىنىيە، ئىران، ئەزەربەيجان، سۈرىيە، ئىراق، گرېتسىيە ۋە بۇلغارىيە قاتارلىق 8 دۆلەتنى بىر-بىرىگە باغلايدۇ. يەر كۆلىمى جەھەتتە ياۋروپادا ئىككىنچى ۋە ئوتتۇرا شەرقتە تۆتىنچى چوڭ دۆلەت ھېسابلىنىدىغان تۈركىيە زېمىنلىرى 81 ۋىلايەتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، مەزكۇر 81 ۋىلايەت 957 ناھىيە، 36 مىڭ يېزا ۋە 17 مىڭ مەھەللىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۈركىيەنىڭ 81 ۋىلايىتى جۇغراپىيىلىك ئورۇنلىرى ئاساس قىلىنغان ھالدا تۆۋەندىكىچە 7 رايونغا بۆلۈنىدۇ:

1. ئىستانبۇل، قوجا ئېلى، يالوۋا، بۇرسا، بالىكېسىر، ساقارىيا، بىلەجىك، تېكىرداغ، قىرىقلارەلى، چاناققەلە ۋە ئەدىرنە قاتارلىق 11 ۋىلايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەرمەرە رايونى.

2. ئەنقەرە، ئاقساراي، چانقىرى، ئەسكى شەھىر، قارامان، قىرىققالە، قىرشەھىر، قونيا، نەۋشەھىر، نىغدە، سىۋاس، يوزگات ۋە قەيسەرى قاتارلىق 13 ۋىلايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىچكى ئاناتولىيە رايونى.

3. ئىزمىر، مانىسا، ئايدىن، دېنىزلى، كۈتاھيا، ئافيون قارا ھىسار، ئۇشاق ۋە مۇغلا قاتارلىق 8 ۋىلايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەگە دېڭىزى رايونى.

4. ئانتالىيە، ئادانا، ئوسمانىيە، بۇردۇر، ھاتاي، ئىسپارتا، ئىچەل ۋە قاھرامان ماراش قاتارلىق 8 ۋىلايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاق دېڭىز رايونى.

5. رىزە، ترابزون، ئارتۋىن، سىنوپ، توقات، چورىم، ئاماسيا، سامسۇن، زوڭگۇلداق، بولو، دۇزجە، قارا بۈك، بارتىن، كاستومونو، بايبۇرت، گىرە سۇن، گۈمۈشھانە ۋە ئوردۇ قاتارلىق 18 ۋىلايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قارا دېڭىز رايونى.

.6 ئاغرى، ئارداھان، بىنگۆل، بىتلىس، ئېلازىغ، ئەرزىنجان، ئەرزۇرۇم، ھاققارى، ئىغدىر، قارىس، مالاتيا، مۇش، تۇنجەلى، ۋان ۋە شىرناق

قاتارلىق 15 ۋىلايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرقىي ئاناتولىيە رايونى.

7. ئادىيامان، باتمان، دىيارىبېكىر، غازىئانتەپ، كىلىس، ماردىن، سىمرت ۋە شانلى ئۇرفا قاتارلىق 8 ۋىلايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەنۇبى شەرقىي ئاناتولىيە رايونى.

## تۈركىيە زېمىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى

قەدىمىي تارىخ بەتلىرىگە نەزەر تاشلىغىنىمىزدا هازىرقى تۈركىيە زېمىنىنىڭ تارىختىن بۇيان شەرقىي ۋە غەربىي ئاسىيا بىلەن ياۋروپا ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئۆتەڭ بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقىدىن ئىبارەت 3 قىتئەنى بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان ئالاھىدە ئىستراتېگىيەلىك ئورنى سەۋەبىدىن ھەرخىل مىللەت ۋە دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئۇچرىغان ۋە ھەرخىل مەدەنىيەتلەرنىڭ مەركىزى بولۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. مىلادىيىدىن 2500 يىل بۇرۇن هازىرقى تراكىيا تەرەپلىرىدە تراكلار ياشىغان بولۇپ، ئاناتولىيە زېمىنىدە فىرات دەرياسى بىلەن دەجلە دەرياسى ئوتتۇرىسىدىكى «مىسسوپۇتامىيە» خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ھىتىت خەلقى ياشىغان. ئۇلارنىڭ ئەسلى كېلىپ چىقىشى تۈرك قان سىستېمىسىدىكى مىللەتلەردىن ئىدى دەيدىغان تارىخچىلارمۇ بار. ھەر ھالدا ھىتىتلەر ئوتتۇرا ئاناتولىيە رايونلىرىدا مىلادىيىدىن 1850 يىل بۇرۇن مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن ئاناتولىيە زېمىنلىرىنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىرگۈزەلىگەن بولسىمۇ، بىر تەرەپتىن ئىيونلار، ئىراقتىن كەلگەن ئاشۇرلار، هازار دېڭىزىنى مەركەز قىلغان ئۇرارتۇلار ۋە يەنە بىر تەرەپتىن سۇرىيە ۋە پەلەستىن زېمىنىدە ھاكىمىيەت قۇرغان ھەررىلەرنىڭ ئىستىلاسىغا ئۇچرىغان. مىلادىيىدىن 1000 يىل بۇرۇن تراكىيادىن كەلگەن پىرىگىياللار، لىدىياللار، ئىراندىن كەلگەن مىدلەر ۋە پارىسلارنىڭمۇ ئىستىلاسىغا ئۇچرىغان ئاناتولىيە زېمىنلىرى ئاخىرىدا رىم ئىمپېراتورلۇقىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتۈشكە مەجبۇر بولغان. مىلادىيە 395 - يىلىغا كەلگەندە رىم ئىمپېراتورلۇقى ئىككىگە پارچىلانغاندىن كېيىن، بۇ زېمىنلار تراكىيا ۋە ماكېدونىيە بىلەن قوشۇلۇپ، شەرقىي رىم ئىمپېراتورلۇقىغا تەۋە بولغان. شەرقىي رىم ئىمپېراتورلۇقى مىلادىيەنىڭ6 - ئەسىرىگە كەلگەندە ئىراندىن كەلگەن پارىسلار ۋە ساسانىيلارنىڭ ئىستىلاسىغا ئۇچرىغان. 11 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خىرىستىيان دۇنياسىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا قارشى بىرلىكتە ئېلىپ بارغان ئەھلى سەلىب ھۇجۇملىرىغا ۋە 12 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە مۇڭغۇل ئىستىلاسىغا

ئۇچرىغان بۇ زېمىنلارنى ئاۋۋال سەلچۇقلار، ئاندىن ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى ھەرخىل تاجاۋۇزچى كۈچلەردىن قۇتۇلدۇرۇپ تېنچ ئامانلىققا ئېرىشتۈرگەن.

## سەلچۇقلار ھاكىمىيتى

سەلچۇقلار ھەققىدە ئىبنى كەسىر ئۆز خاتىرىسىدە مۇنۇلارنى يازىدۇ: سەلچۇق ئائىلىسى تۈركلەرنىڭ ئوغۇز ئايمىقىدىن بولۇپ داۋۇد سەلچۇقنىڭ چوڭ دادىسى بەغلەق قەدىم تۈركلەرنىڭ ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر چوڭلىرىدىن بىرى ۋە دادىسى مىكائىل بولسا غەزنەۋىيلەر پادىشاھى ئەزەم شاھنىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن بىرى ئىدى. مىلادىيە 1040 ـ يىللىرى ئۇنىڭ ئالاھىدە ئەقىللىق ۋە بىلىملىك بولۇش بىلەن بىرگە خەلق ئاممىسى ئالدىدا بەك يۈز ـ ئابرۇيغا ئىگە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئەزەم شاھ ئۇنى ئۆزىنىڭ تەختىگە خىرىس قىلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولىدۇ. بۇنى ھېس قىلغان داۋۇد سەلچۇق مۇسۇلمان بولۇپ بولغان تۈرك زېمىنلىرىغا قېچىپ بېرىپ مۇسۇلمان بولىدۇ. ئارقىدىن مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم قىلغۇچىلارغا قارشى قوزغۇلاڭلارغا باشچىلىق قىلىش نەتىجىسىدە داۋۇد سەلچۇق باشچىلىقىدىكى ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ تۆت ئوغلى بولۇپ ئۇلارنىڭ ھەممىسى سەلچۇقلار دۆلىتىنى كۈچلەندۈرۈش يولىدا كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. داۋۇد سەلچۇقنىڭ نەۋرىسى توغرۇل بېك زامانىغا كەلگەندە سەلچۇقلار ھاكىمىيتى قاتتىق كۈچلىنىپ غەزنەۋىيلەر دۆلىتىنى يىقىتىپ، نىساپور، جۇرجان، خارەزمى ۋە خۇراسان قاتارلىق رايونلار بىلەن قوشۇپ شىئە مەزھىپىنى تەرغىب قىلىدىغان ئىرانلىق بۇۋەيھىلەرگە تەۋە جايلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۆز تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزۈپ ئىراق چېگراسىغىچە يېقىنلاپ بارىدۇ ۋە مەرۋە شەھىرىنى سەلچۇقلار دۆلىتىنىڭ پايتەختى قىلىدۇ.

ئەسلىدە بۇۋەيھىلەر 933 ـ يىلىدىن باشلاپ تاشقى كۆرۈنۈشتە ئابباسى خەلىپىلىكىگە تەۋە ھالدا ئىسلام دۇنياسىغا خىزمەت قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئىچكى جەھەتتە خەلىپىلىككە ھىيلە ئىشلىتىش ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى ئىگىلەپ بولغان ئىدى. 1051 ـ يىلىغا كەلگەندە ئىسلام دۇنياسىدا شىئە سۈننىي ئۇرۇشى باشلىنىپ ئىنتايىن كۆپ قىرغىنچىلىق يۈز بېرىشكە باشلىغاندىن كېيىن، خەلىپە قائىم بىللاھ سەلچۇقلار سۇلتانى توغرۇل بېكنى ياردەم ئۈچۈن باغداتقا چاقىرىدۇ. 1055 ـ يىلى سەلچۇقلارنىڭ باغداتقا كىرىشى بىلەن بۇۋەيھىلەر ھاكىمىيتىگە خاتىمە بېرىلگەن ۋە ئابباسىيلار خەلىپىلىكى سايىۋىنى ئاستىدىكى سەلچۇقلار ھاكىمىيتى باشلىنىدۇ. 1063 ـ يىلى سەلچۇقلار سۇلتانى توغرۇل بېك رەي شەھرى سەپىرى جەريانىدا ۋاپات

قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆز ئوغلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئاكىسىنىڭ ئوغلى ئالىپ ئارسلان تەختكە چىقىدۇ.

## مالازگىرت ئۇرۇشى

سەلجۇقلار دۆلىتىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك سۇلتانى ئالىپ ئارسلانىنىڭ ئەتراپتىكى كىچىك هاكىمىيەتلەرنى ئۆزلىرىگە تەۋە قىلىش جەريانىدىكى غەلىبىلىرىنى كۆرگەن شەرقىي رىم ئىمپېراتورى رومانس دىيوجېنىس 1071-يىلى سەلجۇقلارنى تەلتۆكۈس يوقۇتۇش ئۈچۈن ئەتراپىتىنمۇ ناھايىتى كۆپ لەشكەر توپلاپ يولغا چىقىدۇ. مىسىردىكى شىئە مەزھىپىدىكى فاتىمىيلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلانغان ئالىپ ئارسلان ئۆز سەپىرىنىڭ لىنىيىسىنى ئۆزگەرتىپ ئارقىغا قايتىدۇ ۋە ئۇرۇشۇش ۋاقتىنى بىرئاز بولسىمۇ كېچىكتۈرۈش مەقسىتى بىلەن رىم ئىمپېراتورىغا سۈلھى قىلىش ۋە تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالاش تەكلىپى سۇنۇش ئۈچۈن تىنچلىق ئەلچىلىرىنى يوللايدۇ، ئەمما رىم تەرەپ مەزكۇر ئەلچىلەرنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپلا قالماي هاقارەتلىك سۆزلەر ۋە هەرخىل تەھدىتلەر بىلەن سارىيىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. 1071-يىلى 26-ئاۋغۇست جۈمە كۈنى سۇلتان ئالىپ ئارسلان نامازدىن كېيىن ئالالاھقا قاتتىق ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلغان ۋە كېپەنلىك كىيگەن هالدا 20 مىڭغا يەتمەيدىغان قوشۇنى بىلەن تۈركىيەنىڭ هازىرقى مۇش ۋىلايىتى مالازگىرت رايونىدا 200 مىڭدىن ئارتۇق لەشكەر باشلاپ كەلگەن شەرقىي رىم ئىمپېراتورىنىڭ ئالدىنى توسۇشقا جۈرئەت قىلىدۇ. ئالىپ ئارسلانىنىڭ ئاز بىر قىسىم ئەسكەرلىرى بىرىنچى مەيدان ئۇرۇشتىن كېيىنلا رىم تەرەپكە يېڭىلگەن بولۇپ ئارقىغا چېكىنىپ ئالدىن پىلانلانغان جىلغا تەرەپكە قېچىشقا باشلايدۇ. ئۆزلىرىنىڭ بۇنچە تېز غەلىبىسىدىن بىخۇتلاشقان رىم ئەسكەرلىرى مۇسۇلمان تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقىسىدىن تەرتىپسىز هالدا قوغلاشقا باشلايدۇ. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۈچ تەرەپتىن ئۇلارغا قارىتىلغان تۇيۇقسىز هۇجۇملار نەتىجىسىدە رىم ئىمپېراتورى بىلەن قوشۇپ ناھايەت كۆپ ساندىكى رىم ئەسكەرلىرى ئەسىر ئېلىنىدۇ. سەلجۇقلار سۇلتانى ئۆزىنىڭ ئالىيجانابلىقى بىلەن رىم ئىمپېراتورىنى ئازات قىلىۋەتكەن ۋە يۇرتىغا سالامەت قايتۇرغان بولسىمۇ لېكىن ئۆز خەلقىنىڭ ئۇنىڭغا قاراتقان هاقارەتلىرى ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولىدۇ.

«مالازگىرت غەلىبىسى» نىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىنى قىسقىچە خۇلاسىلىمەكچى بولساق تۆۋەندىكى مۇھىم سەۋەبلەرنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ: بىرىنچىسى، ئالالاھنىڭ پەزلى كەرىمى، ئىككىنچىسى، سۇلتان ئالىپ ئارسلانىنىڭ هېكمەتلىك ئۇرۇش تەدبىرلىرى، ئۈچىنچىسى، رىم ئىمپېراتورلىقىغا تەۋە

ئەڭ مۇھىم كۈچ ھېسابلىنىدىغان تۈرك قان سىستېمىسىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ سەلجۇقلار سېپىگە قوشۇلۇپ كېتىشى، تۆتىنچىسى، رىم ئىمپېراتورىغا تەۋە ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان بارلىق ئەسكەرلەرنىڭ ئۇرۇش مەيدانىدىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشى.

سەلجۇقلاردىن بۇرۇن، گەرچە بۇ رايونلارنىڭ ھاكىمىيتى سىياسىي تەرەپتىن شەرقىي رىم ئىمپېراتورلۇقىغا تەۋە بولسىمۇ، ئاناتولىيە خەلقى ئۇ ھاكىمىيەتكە تەۋە ئەمەس ئىدى، ئاناتولىيەدە ياشاۋاتقان ئەرمەنلەر، كۇردلار، گۈجىلەر، ئابازىلار، سلاۋلار، بۇلغارلار ۋە ھازار ھاكىمىيتى زامانىدا تراكىياغا يەرلەشكەن پەچەنەكلەر ۋە ئۆزتۈركلەر، رىم ئىمپېراتورلۇقى چېگىرىسى ئىچىدە ياشايدىغان ئازسانلىق مىللەتلەر ھېسابلىناتتى. ئۇلارنىڭ ياش ئەۋلادلىرى ئايلىق مائاش بەدىلىگە رىم ئىمپېراتورلۇقىغا ئەسكەر سۈپىتىدە خىزمەت قىلاتتى. ئىمپېراتورلۇق ئاشۇ قارا كۈچلەر ئارقىلىق يەرلىك خەلق ئاممىسىغا ھەر تەرەپتىن كۆپ بېسىم قىلاتتى.

1071-يىلى بارلىققا كەلگەن تارىخىي «مالازگىرت غەلىبىسى» پۈتۈن دۇنيادىكى تۈرك قان سىستېمىدىكى مىللەتلەرگە قارىتا ئاناتولىيە زېمىنلىرىنىڭ دەرۋازىسىنى تولۇق ئېچىۋەتكەن بولۇپ، تۈرك ئايماقلىرىنىڭ كۆچۈش ھەرىكىتى تېزلىشىپ كېتىدۇ. 1072-يىلى سۇلتان ئالىپ ئارسلاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئورۇنباسارى بولغان ئوغلى مەلىكشاھ، ئۆزىنىڭ تۇغقىنى سۇلايمان بىن قۇتالمىشنى «كىچىك ئاسىيا» ئاتىلىدىغان ئاناتولىيە رايونىغا ۋالىي تەيىنلەيدۇ. ئۇ1077-يىلى ئاناتولىيەدە رىم سەلجۇقلار دۆلىتىنى قۇرۇپ مۇستەقىللىق ئېلان قىلىدۇ. 1087-يىلى ئۇنىڭ ئوغلى قىلىچ ئارسلان سەلجۇقلار پايتەختىنى ئىزنىك شەھرىدىن قونىياغا يۆتكەيدۇ ۋە سەلجۇقلانىڭ قونيا ھاكىمىيتى 1308-يىلىغىچە داۋام قىلىدۇ.

## ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى

«مالازگىرت غەلىبىسى»دىن كېيىن ئاناتولىيە ئەتراپىغا يەرلىشىشكە باشلىغان تۈرك ئايماقلىرى ئىچىدە ئوسمانىيلار ئىمپېراتورلۇقىنىڭ يىلتىزى بولغان قايى ئايمىقىمۇ بار بولۇپ، ئوسمان غازىنىڭ چوڭ دادىسى سۇلەيمانشاھ باشچىلىقىدىكى قايى ئايمىقى ئاخلات رايونىغا چېدىرلىرىنى قۇرۇپ يەرلىشىدۇ. سۇلەيمانشاھ ۋاپات بولغاندا ھازىرقى سۇرىيەگە تەۋە جابىر يېزىسىغا دەپنە قىلىنىدۇ. 1231-يىلى سۇلايمانشاھنىڭ ئوغلى ئەرتۇغرۇل ئۆز رايونىنىڭ بەگلىكىگە سايلىنىپ، سەلجۇقلار سۇلتانىنىڭ ياردىمى بىلەن ھازىرقى سۆۋەيت رايونىغا چېدىرلىرىنى قۇرۇپ يەرلەشكەن ۋە سەلجۇقلارغا تەۋە بولۇپ ئۇرۇشلارغا قاتناشقان بولسىمۇ،

سەلچۇقلارنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشى سەۋەبلىك ئەتراپتىكى تۈركىي خەلقلەر ۋە ئايماقلارنى ئۆز ئەتراپىغا جۇغلاشقا ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدە دۈشمەنگە قارشى ئايرىم بىرلىك ۋە كۈچ توپلاشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى ئوسمان غازى دادىسىنىڭ ئىزباسارى بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن 1299 - يىلىغا كەلگەندە ئەتراپتىكى بارلىق بەگلىكلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ئوسمانىيلار دۆلىتىنى (خەلىپىلىكىنى) قۇرۇپ، مۇستەقىللىق ئېلان قىلىدۇ. ئۇنىڭ 24 يىللىق سۇلتانلىق ھاياتى ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىنى كۈچلەندۈرۈشكە ۋە ئەتراپتىكى رايونلارنى ئۆزلىرىگە تەۋە قىلىشقا تىرىشىش بىلەن ئۆتىدۇ.

1421 - يىلى ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىنىڭ ئالتىنچى سۇلتانى 2 - مۇرات تەختكە چىققاندىن كېيىن ئوسمانىيلار ھاكىمىيىتى دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيگەن ۋە كۈچلەنگەن بولۇپ، 25 يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى پاتىھ سۇلتان مۇھەممەد باشچىلىقىدىكى قوشۇن، 1453 - يىلى ئىستانبۇل شەھىرىنى پەتھى قىلىشتا ۋە ئەھلى سەلىبنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا قارشى بىرلىكتە ئېلىپ بارغان ھۇجۇمى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن «ترابزون پۇنتۇسۇ رىم ئىمپېراتورلىقى»غا خاتىمە بېرىشتە غەلىبە قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ 31 يىللىق سۇلتانلىق ھاياتى جەريانىدا بوسنىيە، ھازىرقى يۇگوسلاۋىيە ۋە ئالبانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوسمانىلار خەلىپىلىكى تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزۈپ «پاتىھ» دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشىدۇ.

1512 - يىلى ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىنىڭ توققۇزىنچى سۇلتانى ياۋۇز سەلىم تەختتە ئولتۇرغان 8 يىللىق قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ناھايىتى كۆپ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولۇپ، پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىغا تەۋە زېمىنلار ئوسمانىيلار تەۋەلىكىگە ئۆتىدۇ. جۈملىدىن ھازىرقى سۈرىيە، لىۋان، مىسىر، پەلەستىن، ۋە باشقا ئونلارچە دۆلەتلەرنى قوشقاندا ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىگە تەۋە زېمىنلارنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 15 مىليون كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. 1520 - يىلىدىن باشلاپ 46 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئوسمانىيلارنىڭ ئونىنچى خەلىپىسى قانۇنى سۇلايماننىڭ زامانى ئوسمانىيلارنىڭ ئەڭ كۈچلەنگەن ۋە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان زامانى بولۇپ، چېگرا دائىرىسى ئالاھىدە كېڭىيىپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 25 مىليون كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ.

19 - ئەسىرنىڭ باشلىرى ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن ئاجىزلىشىشىنى پۇرسەت بىلگەن ئىسلام دۈشمەنلىرى ۋە بارلىق قارشى كۈچلەر ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىگە قارشى بىرلەشكەن ۋە ئۇنى يىقىتىش يولىدا ھەرخىل سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي

هيله ـ مكىرلەرنى كۆچەيتكەن زامانلار بولۇپ، ـ 1876 يىلى تەختتە ئولتۇرغان ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىنىڭ ئوتتۇز تۆتىنچى سۇلتانى 2 ـ ئابدۇلھەمىدنىڭ 33 يىللىق ھاكىمىيەت زامانى ئىنتايىن قىيىن ۋە مۇرەككەپ بىر زامان بولدۇ. ئۇ زامانلاردا ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇلغان بولۇپ، ئىككى نۆۋەت «مەشرۇتىيەت» كېڭەش ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، سۇلتاندىن باشقا ئەمەلدارلار قاتنىشىدىغان ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق قارارلىرى مەزكۇر مەشرۇتىيەت تەرىپىدىن قارار قىلىنىدىغان يېڭى بىر سىياسەت يولغا قويۇلدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن «ئىتتىھاد ۋە تەرەققىيات» نامى ئاستىدا دۈشمەنگە خىزمەت قىلىدىغان سىياسىي پارتىيە قۇرۇلدۇ. ئاخىرى 1909 ـ يىلى ئابدۇلھەمىدنىڭ ئىنىسى بەشىنچى مۇھەممەد رىشاد ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىنىڭ 35 ـ سۇلتانى سۈپىتىدە تەختتە ئولتۇرغۇزۇلۇپ 1914 ـ يىلى خەلىپىلىك بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا مەجبۇرى ھالدا قاتناشتۇرۇلدۇ، نەتىجىدە ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى كۆتۈرەلمەس قەرزلەر پاتقىقىغا ئىتتىرىپ قويۇلدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىستىلا ۋە ئىشغال باسقۇچى باشلىنىدۇ. 1918 ـ يىلىغا كەلگەندە يەنىلا شەكلى جەھەتتىكى ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىنىڭ ـ 36 ۋە ئەڭ ئاخىرقى سۇلتانى سۈپىتىدە مۇھەممەد رىشادنىڭ ئىنىسى مۇھەممەد ۋەھىدىددىن تەختتە ئولتۇرغۇزۇلدۇ. ئۇنىڭ 4 يىللىق شەكلىي ھاكىمىيىتى دەۋرىدە ئىستانبۇل ئىشغال قىلىنىپ، قايتىدىن پەتھى قىلىنىدۇ. ئاتاتۈرك باشچىلىقىدىكى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدۇ. ئۇ 1922 ـ يىلىغا كەلگەندە چەتئەلگە كېتىشكە مەجبۇر بولدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى يىقىلدۇ.

## تۈركىيەنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى:

تۈركىيەدە 1923 ـ يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى رەسمىي ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن 1927 ـ يىلى بىرىنچى قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك نۇپۇس تىزىملاش نەتىجىسىدە 13.648.987 چىققان تۈركىيە ئومۇمىي نوپۇسى سانى 2016 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 6 ـ قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك نۇپۇس تىزىملاشتا 79.741053 نوپۇسقا كۆپەيدى. دېمەك جۇمھۇرىيەت تارىخىدىكى 90 يىل ئىچىدە تۈركىيە ئومۇمىي نوپۇسى يۈزدە 75% ئەتراپىدا كۆپەيگەن بولدۇ.

تۈركىيە ئىستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ باياناتىغا ئاساسلانغاندا، تۈركىيە ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ يۈزدە 50.2% نى ئەرلەر قالغان 49.8% نى ئاياللار ئىگىلەيدىغان بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 20% نى 0 ياشتىن 14 ياشقىچە بولغان ئۆسمۈرلەر، 65% نى 15 ياشتىن 60 ياشقىچە بولغان ئوتتۇرا ياشلىقلار، قالغان 15% نى 60

ياشتىن ئاشقانلار ئىگىلەيدىكەن.

تۈركىيىدە ياشايدىغان مىللەتلەر سانىغا كەلسەك، تۈركىيەدە تارىختىن بۇيان ئۆتكەن بارلىق تۈرك قان سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر ۋە ئايماقلارنىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن بىرگە ئەسلى يەرلىك ئەرمەنلەر، رىملىقلار ۋە كۇردلار، ئەتراپتىكى قوشنا دۆلەتلەردىن كەلگەن كۆچمەنلەرنىڭ ئەۋلادلىرى ياشايدۇ. تۈركىيەدىكى ئاساسلىق ئىرقلار ۋە مىللەتلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: ۋۇلگا تاتارلىرى، قىرىم تاتارلىرى، ئەزەربىيلەر، ئۆزبېكلەر، قازاقلار، قىرغىزلار، تۈركمەنلەر، ئۇيغۇرلار، يۇماقلار، ئافغازلار، ئابازىيلار، ئۆسەتلەر، چەركەسلەر، كابارديىلەر، كۇشھالار، تراكىيالىقلار، كاۋكازلىقلار كېلىپ قارا دېڭىز ئەتراپىغا يەرلەشكەن لازلار، زازالار، كۇردلار، پارسلار، جورجىيالىقلار، بوسنىيەلىكلەر بوشناقلار، مولداۋىيەدىن كەلگەن گاگاۋۇزلار، بۇلغارىيەدىن كەلگەن تۈركلەر بىلەن ئۇرۇش مەزگىلىدە ئالماشتۇرۇلغان مۇسۇلمان بۇلغارلار، ئالبانىيەدىن كەلگەن ئارناۋۇتلار، چىنگىللەر، ھەمشىنلىكلەر، لوزان كېلىشىمى ئارقىلىق ئالماشتۇرۇلغان مۇسۇلمان يۇنانلىقلار، ئۆز زامانىدا ئىسپانىيە ۋە پورتۇگالىيەدىن قوغلانغان يەھۇدىيلار بىلەن 2400 يىلدىن بۇيان تۈركىيەدە ياشاپ كېلىۋاتقان يەھۇدىيلار، ئىراق، سۇرىيە ۋە باشقىمۇ ئەرەب دۆلەتلىرىدىن كەلگەن ۋە ئوسمانىيلار زامانىدىن باشلاپ مۇشۇ زېمىنلاردا يەرلىشىپ قالغان ئەرەبلەر ھەمدە ھاتاي ۋە مەرسىن رايونلىرىدا ياشايدىغان ئەرەبلەر، ئوكرائىنا، رومىنىيە، گرېتسىيە قاتارلىق ياۋروپا دۆلەتلىرىدىن كېلىپ يەرلىشىپ قالغان ھەرخىل مىللەتلەر ۋە ئىرقلار.

## تۈركىيەدىكى دىندار مۇسۇلمانلار:

گەرچە تۈركىيەنىڭ رەسمىي ستاتىستىكىلىرىدا ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 99.8%نى مۇسۇلمانلار تەشكىل قىلىدۇ دەپ بايان قىلىنسىمۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە 10 مىليونغا يېقىن ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان ھېسابلىمايدىغان ئەلەۋىيلەر ۋە ئاز ساندىكى شىئەلەر مەۋجۇت. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 20%نى ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەپ تونۇپ، دىنسىزلىق ئىدىيىسى بىلەن تەربىيىلەنگەن« لايىك» (سېكولارىزم) ئېقىمىدىكى كىشىلەر ئىگىلەيدۇ. ئومۇمىي نوپۇسنىڭ پەقەتلا 0.2% نى باشقا دىنلارغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار تەشكىل قىلىدىغان بولۇپ، يەھۇدىي، خرىستىيان، سۈرىيانىي قاتارلىق بىر نەچچە خىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ 0.2% نوپۇسنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

-داۋامى كېيىنكى ساندا...




مۇھەممەد غەزالى
سىراجىدىن ئەزىزى تەرجىمىسى

كۆپىنچە كىشىلەر «قازا ۋە قەدەر»نى چۈشىنىش ئىنتايىن قېيىن، مۇرەككەپ بىر ئۇقۇم دەپ قارايدۇ. ئەمما چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ، بۇ ھەقتە تولۇق چۈشەنچە ھاسىل قىلغاندا، قازا ۋە قەدەر ئادەمگە تولىمۇ يېقىملىق ۋە راھەتبەخش بىر مەزمۇن ئاتا قىلىدۇ ۋە خاتىرجەملىك تۇيغۇسى بېغىشلايدۇ.

ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىنى بىلىدىغانلىقىغا قەلبىڭىزدە شەك بارمۇ!؟

ئاللاھنىڭ بۇ كەڭ كائىناتنى ياراتقانلىقىغا ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغانلىقىغا دەلىللىك ھالدا جەزىم قىلىپ ئىشەنسىڭىز، ئۇنداقتا ئاللاھنىڭ دۇنيادىكى ھەرقانداق شەيئىنىڭ ھەتتاكى كىچىك زەررىچىنىڭ ماھىيىتىنى مۇكەممەل بىلىدىغانلىقىغا، دۇنيانىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىشىشىنى، كائىناتنىڭ سىرلىرىنى تامامەن بىلىدىغانلىقىغا شەك قىلمايسىز!

«بىلىڭىنكى، ئاللاھ ئۆزى ياراتقان نەرسىنىڭ سىرىنى ياخشى بىلىدۇ، ئاللاھ مېھرىبان ۋە ھەممە ئىشتىن خەۋەرداردۇر.»[1]

پۈتۈن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھنىڭ ئۆزى ياراتقان بارلىق شەيئىلەرنىڭ سىرىنى بىلىشى ھەرگىزمۇ چۈشەنمىگۈدەك ئىش ئەمەس. قەلبىمىز دۇنيا ۋە ئۇنىڭ سىرلىرىنى بىلىشتە يورۇغانسېرى شۇنداق جەزمىيەتكە كېلىمىزكى، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلاھىي ئىلىم ئالدىدا بىزنىڭ بىلگەنلىرىمىز ۋە تەجرىبىلىرىمىز ھېچنەرسە ئەمەس. ئىلىم ـ پەن قانچىلىك راۋاجلىنىپ، قانچىكى يۇقىرى پەللىگە يەتسىمۇ، يەنىلا ئاللاھنىڭ ئىلمى ئالدىدا

[1] سۈرە مۇلك 14 ـ ئايەت

ئاجىزدۇر.

«ئاللاھ غەيىبنى بىلگۈچىدۇر، ئۇنىڭدىن ئاسمان-زېمىندىكى تېرىقنىڭ دانىسىدەك كىچىك ياكى چوڭ نەرسىلەر ئۆزىنى دالدىغا ئالالمايدۇ، دۇنيادىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ دەپتىرىدە يېزىلغان.» ①

ئاللاھنىڭ دەپتىرى دېگىنىمىز نېمە؟ ئۇ پۈتۈن كائىناتنى، ھەتتا ئىلگىرى ئۆتكەن، كەلگۈسىدە بولىدىغان ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى تونۇشتۇرۇلغان دەپتەر بولۇپ، ئۇ لەۋھۇلمەھپۇز دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاللاھنى خالايىقلارنىڭ قىلمىشلىرىنى بىلمەي قالىدۇ دەپ قاراش تولىمۇ ئەخمەقلىق. ئاللاھ دۇنيانىڭ سىرىنى، دۇنياغا كەلگەن بىرىنچى ئەۋلادتىن تارتىپ قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان بارلىق مەخلۇقاتنىڭ پۈتۈن سىرلىرىنى بىلگۈچىدۇر. ئۇنداق بولمىغاندا ئاللاھ ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى، ياخشى-يامانغا جازا بەرگۈچى قۇدرەتكە ئىگە بولمىغان بولىدۇ.

«ئىنسانلارنىڭ قىلغان (ياخشى-يامان) ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى نامە-ئەماللىرىدا مەۋجۇتتۇر. چوڭ-كىچىك

① سۈرە سەبەئ 3-ئايەت

ئىشلارنىڭ ھەممىسى خاتىرلەنگەندۇر.» ②

شۇنداق، ھەممە نەرسە ئىلاھىي دەپتەردە ناھايىتى ئىنچىكە، پۇختا ۋە ئەتراپلىق يېزىلغان.

بۇ ھەقىقەتنى قۇرئان كەرىم تەكىتلىگەن: «يەر يۈزىدىكى بارلىق ھادىسىلەر ۋە ئۆزەڭلار ئۇچرىغان مۇسىبەتلەر بىز ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن لەۋھۇلمەھفۇزغا يېزىلغان، بۇ (ئىش) ئاللاھقا ئاساندۇر.» ③

بۇ يەردە بىزنىڭ كاللىمىزدا مۇنداق بىر سوئال پەيدا بولىدۇ: ئۇنداقتا لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرلەنگە مەزكۇر ئىلىم بىلەن بىزنىڭ نېمە ئالاقىمىز بار؟ توغرىلىقىدا شەك بولمىغان بۇ ئىلىم بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ۋە ئىرادىمىزگە تەسىر كۆرسىتەمدۇ؟

بۇنىڭ جاۋابى ئەلۋەتتە ياق! ناۋادا بىرسى ئاللاھنىڭ ئىلمى كىشىلەرگە بەزى ئىشلارنى قىلىپ، بەزىلىرىنى قىلماسلىققا مەجبۇرلايدۇ دېسە، خاتالاشقان بولىدۇ.

ئىلاھىي ئىلىمنىڭ بىزنىڭ ئىختىيارى ياكى مەجبۇرى قىلغان قىلمىشلىرىمىزدا تەسىر كۆرسىتىش ياكى سەۋەبچى بولۇش ۋەزىپىسى يوق. ئىلاھىي ئىلىمنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت بىر نەزەرىيە

② سۈرە قەمەر 52-، 53-ئايەتلەر
③ سۈرە ھەدىد 22-ئايەت

سۈپىتىدە ھەقىقەتنى ئاشكارىلاش، مەسىلىنىڭ تېگىگە يېتىشتىن، شۇنداقلا ئۇ ئىلاھىي كامالەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس خالاس. ئىلاھىي ئىلىمنى ئېتىراپ قىلغانلىق ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلىقى ۋە ئەزىمەتىنى ئۆز لايىقىدا ئېتىراپ قىلغانلىقتۇر.

ناۋادا بەزىلەر «ئىلاھىي ئىلىمنىڭ ۋە بىز ئىمان كەلتۈرۈپ كېلىۋاتقان لەۋھۇلمەھپۇزنىڭ كىشىلەرنىڭ ياخشى-يامان ئىشلارنى قىلىشى بىلەن ئالاقىسى بولمىسا، ئۇنداقتا، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنىڭ شەكسىز ئىجرا بولىدىغانلىقىنى قانداق چۈشىنىمىز؟ ئىلاھىي بۇيرۇق دائىرىسى چەكسىز ئىلاھىي ئىلىمگە قوشۇلسا يەنە "پۈتۈن نەرسە ئاللاھنىڭدۇر" دېگەن ھەقىقەتنى مۇئەييەنلەشتۈرمەمدۇ؟! ئاللاھ بۇ ئالەمنى ئۆزى خالىغان شەكىلدە ياراتتى. ئېلېمېنتلىرىنى ئۆزى خالىغان تەرزدە تەرتىپلىدى. خەلقىنىڭ مەرتىۋىلىرىنى ئۆزى خالىغان تەرزدە ئورۇنلاشتۇردى. ئاللاھ خالىغانىنى قىلالايدىغان چەكسىز قۇدرەت ئىگىسىدۇر. دېمەك، ئىنسان ئىرادە بىلەن قۇدرەت بارماقلىرى ئارىسىدا بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئىلمى ھەممىدىن بۇرۇن. ئىنسانلارنىڭ مۇتلەق ئىختىيارى يوق، ئۆز-ئۆزىنى تۇتۇپمۇ تۇرالمايدىغۇ! دەپ سورىسا، بىز دەيمىزكى: ناۋادا ئىلاھىي ئىرادە بۇنداق چۈشىنىلسە بۇ گويا بالىلارچە چۈشەنچە بولىدۇ. بۇنداق چۈشەنچە ئەقىللەرنى نۇردىن قاراڭغۇلۇققا باشلايدۇ، خالاس!

ئۇلار ئاللاھ بىر نەرسىنى خالىسا پەقەتلا «بول» دەيدۇ-دە، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە قاقاسلىق بۇك-باراقسانلىققا، نامرات بايغا، تۇغماس تۇغۇمچانغا، مەغلۇپ غالىبقا ئايلىنىدۇ دەپ گۇمان قىلىدۇ. بۇ بىز دېگەنىدەك بالىلارچە چۈشەنچىدۇر. ئىلاھىي ئىرادە ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى قانۇنىيىتى بولۇپ، بارچە مەۋجۇدات ۋە مەخلۇقاتلار شۇ قانۇنىيەت بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ.

ئەگەر ئاللاھ بىر ئادەمنى يارىتىشنى خالىسا، ھەرگىزمۇ بىر بۇيرۇق بىلەنلا «ھەر جەھەتتىن پىشىپ يېتىلگەن مۇكەممەل ئادەم بول!» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرمەيدۇ. بەلكى ئىشلار ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتى ئاساسىدا مېڭىشقا باشلايدۇ. ئاللاھ «بول» دەپ بۇيرۇق قىلغان ھېلىقى ئىنسان ئىلاھىي قانۇنىيەت بويىچە ئاۋۋال ئىسپېرما ھالىتىدە، ئاندىن گۆش ھالىتىدە، ئاندىن بوۋاق، ئاندىن ئۆسمۈر... قاتارلىق باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ.

ئەگەر ئاللاھ بىر مېۋىنى يارىتىشنى خالىسا، بۇ ئىرادە ئۆز تەبىئىتى بىلەن ماڭىدۇ، ئۇرۇق تىكىلىدۇ، سۇغۇرۇلىدۇ،

ئىسسىق-سوغۇق پەسىللەر ھەممە پەرۋىشكارلارنىڭ تىرىشچانلىقلىرى بىلەن پىشىپ يېتىلىپ مېۋە بولۇپ چىقىدۇ.

ئاللاھ ئىنساننى ئەخلاقىي، ماددىي ۋە مەنىۋى خۇسۇسىيەتلەر بىلەن ئالاھىدە ياراتقان. ئۇنىڭغا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرغان، ئەقىل بەرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆزىگە خاس ئەركىنلىكىدىن پايدىلىنىدۇ. بۇ ئىش ئىنسان ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئىرادىسى. ئاللاھ خالىسا ئادەمنى باشقا خىلدا ياراتقان بولاتتى.

ئۇلۇغ ئاللاھ پەرىشتىلەرنى ياراتتى، ئەمما ئۇلارنى بىرلا يولدا ماڭىدىغان قىلىپ، ئىرادىسىنى چەكلەپ قويىدى ۋە ئۇلارنى ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە قىلدى. ئەمما ئىنساننى ئوخشاش بولمىغان ھاۋايى-ھەۋەس، ئېقىم-كۆزقاراشلار بىلەن ياراتتى. ئۇنى خالىغان تەرىقىدە ئوڭ-سول، ياخشى-يامان يوللاردا ماڭالايدىغان قۇدرەت بىلەن ياراتتى. بۇمۇ ئىنسان ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئىرادىسى، مەجبۇرلاشمۇ يوق زورلاشمۇ يوق. بەزى نادان كىشىلەر ئىلاھىي ئىرادىنى چولتا چۈشىنىۋېلىپ، ئۇنى بىر تاسادىپىيلىق ياكى باش-ئاخىرى بولمىغان بىر تۈركۈم جەريانلار يىغىندىسىدىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ.

ئۇلار ئۆزىچە بۇخىل چولتا تەسەۋۋۇرلىرىنى قازا ۋە قەدەرنىڭ مەركىزى ئىدىيىسى دەپ قارايدۇ. ئەمما ئىسلامدىكى قازا ۋە قەدەر بۇ تەسەۋۋۇرلارغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ.

ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ھەر شەيئىدە مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە. ئەمما ئۇ ھېچكىمنى بىر ئىشقا زورلىمايدۇ. ئۆزىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان بىر ئادەمنىڭ ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە قارشى چىقىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەقىل ئىگىلىرى بۇ ئىرادىنىڭ مەنىسىنى ياخشى چۈشىنىشى كېرەك. شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، يارىتىلمىشلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى مەزكۇر ئۇلۇغ ئىرادىنىڭ ھېكمەتلىك، ئۆزگەرمەس كۆرۈنۈشلىرىدۇر.

ئاللاھ ئۆز ئىرادىسى بىلەن ھايۋاننى سۆزلىيەلمەيدىغان قىلىپ ياراتقان. بۇ، ھايۋاننىڭ ۋەزىپىسىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر تۈركۈم خۇسۇسىيەتلەر دائىرىسىدە چەكلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئىنساننىڭ ئەقىللىق قىلىپ يارىتىلىشى ۋە تاللاش ئەركىنلىكىنىڭ ئەقىلگە تاپشۇرۇلۇشىمۇ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى. بۇ، ئىنساننىڭ بارلىق پائالىيەتلىرى ئاللاھ ئۇنىڭغا بەرگەن

تۇغما قابىلىيەت دائىرىسىدە چەكلىك، دېگەنلىكتۇر.

ئۆزىنىڭ ئىرادىسى ۋە ئېتىقادىنى ئىنكار قىلغان ئىنسان، ئۆزىنى تىلسىز ھايۋانغا ئوخشاش دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان ياكى ئۆزىنى ئۆسۈملۈكلەر بىلەن بىر قاتاردا سانىغان ئادەمدۇر. شۇنداقلا پەرۋەردىگارىغا تانغان ئادەمدۇر.

بەزى ئادەملەر ئۆزلىرىنى "بۇ دۇنيادا بىزنىڭ ھېچقانداق رول ۋە فونكسىيىمىز يوق، بىزنىڭ قۇدرىتىمىز يوق، ئىرادىمىز يوق" دەپ قارايدۇ ـ دە، ھېچ ئىش قىلماي نەتىجىگە ئېرىشىشنى خالايدۇ. ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: ھەممە نەرسە پۈتۈلگەن، ئاللاھ نېمىنى خالىسا شۇ بولىدىغان تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئەمەل قىلىمىز؟

بۇ دىنىمىزگە قىلىنغان تۆھمەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇنداقلا ئاللاھنىڭ مۇبارەك ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى چۈشەنمىگەنلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر.

قازى ئەبۇبەكرى ئەل ئەرەبى مۇنداق دېگەن:

«ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرى ئىچىدە ئىنسان ئەڭ ئۇلۇغ. ئاللاھ ئۇنى قۇدرەتلىك، سۆزلىيەلەيدىغان، ئاڭلىيالايدىغان، كۆرەلەيدىغان، تەدبىر قوللىنالايدىغان، ھېكمەتلىك ئىشلارنى قىلالايدىغان قىلىپ ياراتتى. بۇلار بولسا پەرۋەردىگارنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.»

ئاللاھنىڭ ئىرادىسگە قاراپ بېقىڭ، ئىنساننى ئاجايىپ شەكىلدە ياراتتى:

«شۈبھىسىزكى، بىز ئىنساننى ئارىلاشما مەنى (يەنى ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئىسپېرمىسى) دىن ياراتتۇق. ئۇنى بىز (شەرىئەت تەكلىپلىرى بىلەن) سىنايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى بىز (نازىل قىلغان ئايەتلىرىمىزنى ئاڭلىسۇن، كائىناتنى ياراتقۇچىنىڭ بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىللەرنى كۆرسۇن دەپ) ئاڭلايدىغان، كۆرىدىغان قىلىپ ياراتتۇق.» ①

شۇنداق تۇرۇقلۇق، بەزى كىشىلەر ئىنساننىڭ فۇنكسىيىسىنى ۋە ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى ئىنكار قىلىدۇ. تەقدىر پۈتۈنلەي ئاللاھنىڭ ئىلكىدە دەپلا ئىنساننى ئىختىيار ۋە ئىرادە ئەركىنلىكىنى چەتكە قاقىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئېتىقادى ۋە ئىرادىسىنى بىكار تاشلاپ قويىدۇ.

بۇ مەغلۇبىيەتلىك سەلبىي تەپەككۇر، شۇنداقلا چولتا پىكىردىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئىسلامدا بۇنداق مەنىدىكى «قازا ۋە قەدەر» مەۋجۇت ئەمەس. قازا ۋە قەدەر دېگىنىمىز ئاللاھنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىنى

① سۈرە ئىنسان 2 ـ ئايەت

تونـــــۇپ، ھەر قانـــــداق ئـــــش ـ پائـــــالىيەتلەرنى شـــــۇ ئىســـــم ۋە سۈپەتلەرنىڭ تەقەززاسىغا ئۇيغۇن ھالدا ئىلىپ بىرىشــتىن ئىبــارەتتۇر. پۈتــۈن قۇدرەت، ئىــرادە، تەدبىــر ئاللاھنـــڭ ئىلكىدە دەپلا ئىنسانلارغا خاس بولغــان مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتتىن قــېچىش تەقــدىرنى خاتــا چۈشــىنىۋالغانلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ھەر ئىشقا ئاۋۋال سەۋەپ قىلساق، ئاندىن نەتىجىنــى ئاللاھنـــڭ مـــۇتلەق ھۆكمىگە ۋە تەقـــدىرىگە قويســاق ئەڭ توغرا بولىدۇ. بىز پۈتۈن ئىقتىدارىمىزنى ســـەرپ قىلىــــپ ســـەۋەب قىلســـاقلا ئۆزىمىزنىـــڭ مەجبـــۇرىيىتىمىزنى ئـــادا قىلغان بولىمىز. چۈنكى، بىــز ســەۋەپ قىلىشـــقا بۇيرۇلغـــان. ئىشـــىمىزنىڭ نەتىجىســـى بىـــز خالىغانـــدەك چىقســـا خۇشـــاللىنىمىز ۋە مـــۇۋەپپەقىيەت ئاتـــا قىلغان ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىمـــز. ئەگەر بىز ئويلىغاندەك چىقمـــاي قالســـا ئاللاھنـــڭ ئىرادىســـگە بويســـۇنىمىز ۋە قايغۇرۇپ كەتمەيمىز.

قـــازا ۋە قەدەر دېـــگەن ئاللاھنـــڭ ئىشلىرى بىلەن بەندىنىڭ مەســئۇلىيىتى ئوتتۇرىـــــــدىكى تەڭپۇڭلـــــــۇقنى بەلگىلەيـــدىغان ئەقىدىـــدۇر. ئەكســـىچە ئىنســـان بەزىـــدە ھەددىـــدىن ئاشـــىدۇ، ئۇنتۇپ قالىدۇ.

ئادەملەر بەزىدە ئـــۆزىنى ھەممـــگە قـــادىر چـــاغلاپ ھەددىـــدىن ئاشـــىدۇ. ئۆزىنىـــڭ چەكســـىز بىـــر قۇدرەتنىـــڭ كونتروللۇقـــدا ئىكەنلىكىنـــى ئېســـىدىن چىقىرىپ قويىشىدۇ. لېكىن بۇ كائىنـــات يەكـــكە ـ يىگـــانە بىـــر ياراتقۇچىنـــڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، ھەر ئىش ئۇنىـــڭ خاھىشى بويىچە بولىـــدۇ. نـــاۋادا بىـــز بارلىق ئىشلاردا غالىـــپ ۋە قۇدرەتلىـــك پەرۋەردىگارنىـــڭ قـــۇدرىتىنى ھـــېس قىلالايدىغانلا بولساق، ھېچقاچان ئۇنىڭ باشقۇرۇش ۋە تەدبىر بەلگىلەشـــلىرىنىڭ پۇختىلىقىغا شەك قىلمىغان بولاتتۇق ۋە بـــارلىق مەخلۇقاتلارنىـــڭ شـــۇ زاتنىـــڭ ئىـــــرادە دائىرىســـــــدە ھەرىـــــكەت قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالغان بولاتتۇق. بىز ئىنسانلار تەپەككـــۇر ۋە ھەرىـــكەت ئەركىنلىكىگە ئىـــگە. شـــۇنىڭ ئۈچـــۈن ياخشى ئىش قىلســـاق مۇكاپـــاتلىنىمىز، يامان ئىش قىلساق جازالىنىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىز ھېكمەت بىـــلەن ئىـــش قىلىدىغان پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئومـــۇمىي پىلانىنىڭ بىر پارچىســـى خـــالاس. ئـــۇ پىلانىنـــڭ كونكرېـــت جەريـــانىنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ. بىز مەزكۇر پىلانىنىڭ بىـــر پارچىســـى بولـــۇش ســـۈپىتىمىز بىـــلەن ھاياتنىـــــڭ ئىســـــــق ـ ســـــوغۇق ۋە ئـــــاچچىق ـ ســـــاۋاقلىرىنى ۋە راھەت پاراغەتلىرىنى تېتىشقا مەجبـــۇرمىز. بىـــز ئۆز ئىختىيارىمىزدا بولمىغان ئىشـــلاردىن

سوئال ـ سوراق قىلىنمايمىز.

«سىلەر سەۋەنلىكتىن قىلىپ سالغان ئىشلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، لېكىن قەستەن قىلغان ئىشلىرىڭلاردا (سىلەرگە گۇناھ بولىدۇ) ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.»[①]

قۇرئان كەرىمدىكى بەزى ئايەتلەر قارىماققا مەجبۇرىي بۇيرۇق ئۇقۇمىنى بىلدۈرگەندەك ۋە بەزى ئايەتلەر ئىختىيارىي تاللاشقا رۇخسەت قىلىنغاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىتلىق يوق. ھەممە ئايەتنىڭ ئۆز ئالدىغا تەتبىقلىنىش ئورنى بار. بارلىق ئايەتلەر ئۆز ئورنىدا، مۇناسىپ رەۋىشتە چۈشىنىلسە پۈتۈن بىر ھەقىقەتنى نامايان قىلىدۇ.

يارىتىلىش، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋەتىلىشى، مۇكاپات، جازا، ئىلاھىي ئادالەت دېگەنلەرگە مۇتلەق ئىشىنىش ۋە بويسۇنۇشتىن ئۆزگە چارە يوق. بۇلاردا ئىنسانلارنىڭ تاللاش ۋە ئېتىراز بىلدۈرۈش ھوقۇقى بولمايدۇ.

بۇلارنى ئىنكار قىلىش ئىلاھىي ئورۇنلاشتۇرۇشلارنىڭ رىئاللىقتىن ھېچ تەڭلىمىسى يوق بىر قاتار قالايمىقان جەريانلار دۇۋسى دەپ چۈشىنىۋالغانلىق بولىدۇ.

«ئاللاھ ئۆزى بىر ئىشنى تەقدىر قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن كىشىلەرنى شۇنىڭغا قارىتا جازالايدۇ ياكى مۇكاپاتلايدۇ» دەپ قاراش ئېنىقكى ئىلاھىي ئىرادە ۋە ھېكمەتكە قىلىنغان تۆھمەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئاللاھ ئۇلارنىڭ تۆھمەتلىرىدىن پاكتۇر. بىز ئىنسانلارنىڭ دۇنياغا كېلىشىمىز ۋە كېتىشىمىز ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بولىدۇ. بىز پەقەت كېلىپ ـ كېتىش ئارىلىقىدىكى جەريانلاردا ئىقتىدارىمىزدا بولغان بارلىق ماددىي، مەنىۋى تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتسەكلا ۋەزىپىمىز ئادا بولىدۇ. چۈنكى بىزگە بېرىلگەن تاللاش ۋە ئىختىيار قىلىش ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىك يۈكسەك ئىلاھىي قانۇنىيەت رامكىسىدا بولىدۇ. ئىنسان گەرچە ھەرقانچە كۈچلۈك بولسىمۇ، مەلۇم تەدبىر ۋە پىلانلارغا ساھىب بولسىمۇ، ئەمما خالىغاننى قىلالايدىغان ئىلاھ ئەمەس، ئەلۋەتتە.

دېمەك، ئىنسان ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسى ئىچىدە ئەركىن، ئەمما ياراتقۇچى بولغان ئاللاھقا بويسۇنۇشتا، بۈيۈك كائىنات دائىرىسى ئىچىدە قۇلدۇر.

---

① سۈرە ئەھزاپ 5 ـ ئايەت

# خالسانە خىزمەت ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى

مۇھەممەد يۇسۇپ

خالسانە خىزمەت ئىنسان ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلىدىغان ياخشى ئىش بولۇپ، مەيلى جىسمانىي خىزمەت بولسۇن، مەيلى ئەقلىي خىزمەت بولسۇن، مەيلى ئىقتىسادىي خىزمەت بولسۇن، ھەرقانداق بىر ئىشنى بەدەلسىز قىلىپ قويۇش خالسانە خىزمەت دائىرىسىگە كىرىدۇ. خالسانە خىزمەت قىلىدىغانلار ھەرقانداق جەمئىيەتتە تېپىلىدۇ ۋە بۇ ئىشنى ھەممە كىشى ياقتۇرىدۇ.

خالسانە خىزمەت ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى شەخسىي خىزمەت، يەنە بىرى كوللىكتىپ خىزمەتتۇر.

خالسانە شەخسىي خىزمەت دېگىنىمىز: بىرەر شەخسنىڭ ئۆز ئالدىغا خالسانە خىزمەت قىلىشى بولۇپ، بۇ مۇئەللىمنىڭ دەرستە ئارقىدا قالغان بەزى ئوقۇغۇچىلارغا ئايرىم ھەقسىز دەرس بەرگىنىگە، دوختۇرنىڭ يوقسۇللارنى ھەقسىز داۋالاپ قويغىنىغا ئوخشاش بىرەر شەخسنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغان خالسانە ئىشلارغا ئوخشاش.

خالسانە كوللىكتىپ خىزمەت دېگىنىمىز: بىر قانچە كىشىنىڭ ياكى بىرەر مۇئەسسەسەنىڭ كوللىكتىپ ھالەتتە قىلغان بەدەلسىز ئەمگىكىنى كۆرسىتىدۇ. كوللىكتىپ خىزمەتنىڭ شەخسىي خىزمەتتىن مەنپەئەتلىك ۋە داۋاملاشقۇچى بولىدىغانلىقىدا شەك يوق.

خالسانە خىزمەت ھەرقانداق بىر جەمئىيەتنىڭ بەرپا بولۇشى ۋە جەمئىيەتتىكى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىشىش، ياردەملىشىش ۋە پىداكارلىق قاتارلىق پەزىلەتلەر ئوتتۇرىغا چىقىشى ئۈچۈن ئالاھىدە چوڭ رول ئوينايدىغان مۇھىم ئىشتۇر. ئۇ يەنە ئىنسانىيەتچىلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى نامايان قىلىدىغان ئەمەلدۇر.

## خالىسانە خىزمەتنىڭ پەزىلىتى

خالىسانە خىزمەت دىنىمىز تەشەببۇس قىلغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ بىرى بولغىنىدەك، ئىنسانىيەتنىڭ ئېتىخارلىق ئۈلگىلىرى بولغان پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەخلاق-پەزىلەتلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى پەيغەمبەرلەر كىشىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى خالىسانە يەتكۈزگەن، ئۇلار دەۋەت يولىدا سىڭدۈرگەن جاپا-مۇشەققەتلىك خىزمەتلىرى بەدىلىگە كىشىلەردىن ھەق تەلەپ قىلمىغان. پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئۆلىمالارمۇ كىشىلەرگە دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىنىڭ بەدىلىگە ئۇلاردىن ھەق تەلەپ قىلمىغان. دېمەك، ئىشلارنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكى ۋە ئەڭ ئەھمىيەتلىكى بولغان دىنىي دەۋەت ئەزەلدىن خالىسانە دەۋەت قىلىش جەريانىدا بىزلەرگە قەدەر يېتىپ كەلگەن. خالىسانە خىزمەت مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىرلىك، باراۋەرلىك ۋە دوستلۇق رىشتىسىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى بىر-بىرىنىڭ غېمىنى يەيدىغان، بىر-بىرىگە ياردەم قىلىدىغان ۋە قىيىنچىلىقلىرىنى بىرگە ھەل قىلىدىغان ھالەتكە كەلتۈرىدۇ.

دۇنيادا نۇرغۇنلىغان ياخشى ئىشلار پەقەتلا خالىسانە خىزمەت سايىسىدىلا بارلىققا كەلگەن. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ۋەقىپلەر، ھەر خىل تەتقىقات مەركەزلىرى ۋە كۆپلىگەن پەن-تېخنىكا يېڭىلىقلىرى دۆلەتلەرنىڭ ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن ئەمەس، پەقەتلا شەخسلەرنىڭ خالىسانە تىرىشچانلىقى بىلەن بارلىققا كەلگەن. شۇڭا، كۆپلىگەن دۆلەتلەردىكى كاتتا شىركەتلەر ۋە مەشھۇر ۋەقپىلەرنىڭ ھەممىسى شەخسلەرنىڭ خالىسانە ئەمگىكى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. ھەرقانداق بىر دۆلەت قانچىلىك كۈچلۈك ۋە قانچىلىك باي بولۇپ كەتسۇن، بەربىر بىر تۈركۈم شەخسلەرنىڭ خالىسانە ئەمگىكىگە موھتاج بولىدۇ. چۈنكى دۆلەت ئۆزى يالغۇز خەلقنىڭ بارلىق ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ كېتەلمەيدۇ.

## خالىسانە خىزمەتنىڭ پايدىسى

خالىسانە خىزمەت مەيلى بىرەر شەخس تەرىپىدىن قىلىنغان خىزمەت بولسۇن ياكى كوللېكتىپ تەرىپىدىن قىلىنغان خىزمەت بولسۇن، ئۇنىڭ شەخسلەرگە ۋە جەمئىيەتكە يەتكۈزىدىغان پايدىسى چوڭ، قالدۇرىدىغان تەسىرى كۈچلۈكتۇر. خالىسانە خىزمەتنىڭ ئاساسلىق پايدىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنى كۆزلەپ بىرەر خالىسانە ئىشنى قىلىپ قويغان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا مۇكاپاتتىن

بەھرىمەن بولىدۇ. چۈنكى خالىسانە ياخشى ئىش قىلىش ساۋابلىقتۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ﴿وَتَعَاوَنُوا عَلَى الْبِرِّ وَالتَّقْوَى وَلَا تَعَاوَنُوا عَلَى الْإِثْمِ وَالْعُدْوَانِ﴾ يەنى «ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار»[1] دەپ ئەمر قىلغان.

2. خالىسانە ياردەم ۋە خالىسانە خىزمەت سايىسىدا مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى كۈچلىنىدۇ، مۇسۇلمان ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق، مۇھەببەت، يېقىنلىق ئاشىدۇ.

3. خالىسانە خىزمەت ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى شەخسلەرنىڭ ئىقتىدارى ۋە كۈچ- قۇۋۋىتى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. كىشىلەر ئۆزىدىكى ۋە باشقىلاردىكى ئارتۇقچىلىقلارنى بايقىۋالالايدۇ.

4. خالىسانە خىزمەت كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى يېتىشتۈرۈشى ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا، بەدەلسىز ياردەملەرنى قىلىشقا ئۆزىنى كۆندۈرۈشى ئۈچۈن چوڭ پۇرسەتتۇر.

5. خالىسانە خىزمەتلەر ئارقىلىق دۆلەتلەر روياپقا چىقىرالمىغان نۇرغۇن ياخشى ئىشلار روياپقا چىقىدۇ. چۈنكى خالىسانە خىزمەتنىڭ ئاساسى ئىخلاستۇر. ئىخلاس ئاساس قىلىنغان ئىش چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ.

## خالىسانە خىزمەتنىڭ تۈرتكىلىرى

باشتا ئېيتقىنىمىزدەك، خالىسانە خىزمەت مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى باشقا دىندا بولسۇن ۋە ياكى ھېچقانداق بىر دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئىنسان بولسۇن، ھەرقانداق بىر ئىنسان ياخشى كۆرىدىغان ئىشتۇر. ئىنسانلاردا خالىسانە خىزمەت قىلىشنىڭ تۈرتكىلىرى بىر خىل بولمايدۇ. بەزىسى ئۆزىدىكى ۋىجدانىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن قىلسا، بەزىسى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش نىيىتى بىلەن قىلىدۇ، يەنە بەزىسى ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇھىت ياكى ئائىلىنىڭ تەسىرى بىلەن قىلىدۇ. قانداقلا بولسۇن، خالىسانە ئىش قىلىشقا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەر جەمئىيەت ۋە مۇھىتنىڭ پەرقلىق بولۇشىغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ.

## خالىسانە خىزمەت قىلغان ئادەم ئۆزىنى بەختلىك قىلىدۇ

شەكسىز ھەقىقەت شۇكى، ئىنسان ئۆزى ياشىغا جەمئىيەتكە بىر نەرسىلەرنى بەدەلسىز تەقدىم قىلىش ئارقىلىقلا ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلالايدۇ ۋە ئۆز ھاياتىغا ئەھمىيەت قازاندۇرالايدۇ. ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ گۈزەل بىر تەمى بولۇپ، ئۇنىڭ تەمىنى خەير- ئېھسان ئىگىلىرىلا تېتىيالايدۇ. چۈنكى ياخشىلىق كۆڭۈلنى شادلاندۇرىدىغان،

[1] سۈرە مائىدە 2- ئايەت.

ۋىجـــــدانىنى راھەتلەندۈرىـــــدىغان، ئىنسانلارنى خــوش قىلــدىغان گــۈزەل ئەخلاقتۇر. بەرگۈچى ئۈچۈن ئەڭ چــوڭ خوشــاللىق ئۇنــىڭ كىشــىلەرگە بەرگەن ۋاقتىدىكى خوشاللىقىدۇر. شــۇڭا، ســىز ئالغانــدا ئەمەس، بەرگەنــدە خوشـــال بولۇشــنى ئۆگىنىۋالســىڭىز، ســىزنىڭ خوشال بولىدىغان چاغلىرىڭىز ناھــايىتى كۆپ بولىدۇ. بۇ ســىزنىڭ ئىلكىڭىــزدە بار خوشاللىق بولۇپ، ئۇنى ئۆزىڭىزدىن چىقىرالايسىز. چۈنكى سىز بىر نەرســىنى ئـــالاي دېســـىڭىز خالىغـــان ۋاقىتتـــا ئالالمايسىز، ئەمما بىر نەرسىنى بېــرەي دېسىڭىز خالىغان ۋاقىتتا بېرەلەيســىز ۋە ئۆزىڭىزنى خوشال قىلالايسىز.

ئالبېرت ئېينشتېين ھېچبىــر دىنغــا ئىشـــەنمەيدىغان دىنســـىز ئادەمنىـــڭ بەختسىزلىكىنى تەھلىل قىلىپ مۇنــداق دېــگەن ئىــكەن: «دىنســىز ئادەمنىــڭ بەختســـــــزلىكىنىڭ ئاساســـــــلىق سەۋەبلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ ئومۇم خەلق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئاجىزلىقىغا خۇلاسىلىنىدۇ. چۈنكى ئۆزىنىلا ئويلاپ، ئــۆزى ئۈچــۈنلا ياشــاۋاتقان ئــادەملەر ئۆزىنىڭ شەخســيەتچىلىكىگە مەھبــۇس بولــۇپ قالغـــان ئـــادەملەر بولـــۇپ، ئۇلارنــىڭ ھايــاتى ئىزتــراپ ئىچــدە ئۆتىدۇ. چــۈنكى مۇنــداقلار خالىســانە خـــزمەتلەردىن كېلىـــدىغان ھـــۇزۇر-ھـــالاۋەتتىن ۋە كۆڭـــۈل خوشـــلۇقىدىن مەھرۇم قالغان بىچــارىلەردۇر. شەكســز ھەقــــقەت شــۇكى، ئىنســان ئــۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتە، خەلقــگە بىــر نەرسىلەرنى تەقدىم قىلمىسا، ئۇ مۇشــۇ قىســــقا ھاياتــــدىن ھېچبىــــر تەم ئالالمايــدۇ». دېــمەك، ئىنســان ئــۆز خەلقىگە ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىــدىن، پۇل- مېلىدىن تەقدىم قىلىش ئــارقىلىقلا ھاياتلىقىنـــىڭ لەززىتىنـــى تېتىيالايـــدۇ، كۆڭلىنى بەختلىــك ئۆتكۈزەلەيــدۇ ۋە ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ بىر مەنىســى بولغــان بولىدۇ.

پسىخولوگىيە ئالىملىرى «ئىنسان ئۆز نەپسىدىن كېچىپ كىشىلەرگە بىر نەرســە تەقدىم قىلىش ئارقىلىقلا ئۆزىنىڭ نــام-نىشانىسىنى قالدۇرالايدۇ» دەپ قارايدۇ. ئەمما پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مــۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئــادەم ئۆلگەنــدىن كېيىن، ئۇنىڭ بارلىق ئەمەلى ئۈزۈلگەن بولىدۇ، پەقەت ئۈچ نەرسىنىڭ ســاۋابى ئۇنىڭغا يېتىپ تۇرىدۇ. ئۇلار: ياخشــى پەرزەنت، پايدىلىق ئىلــم ۋە ســەدىقە جارىيەدۇر»[①] دېــگەن ســۆزى چوڭقــۇر مەنىلەرگە دالالەت قىلىدۇ.

## ئىسلامدا خالىسانە خىزمەتنىــڭ ئورنى

يۇقىرىدا ئېيتقــانلىرىمىز ھەرقانــداق بىــر ئىنســاننىڭ ئەھۋالــدۇر. ئەمــدى

① ئىمام مۇسلىم، ئىمام ئەھمەد، ئىمام تىرمىزى، ئىمام ئەبۇداۋۇد ۋە ئىمام نەسائى رىۋايىتى.

مۇئمىن ئادەمگە كەلسەك، مۇسۇلمان ئالىملار ئىسلامنى تونۇشتۇرماقچى بولسا، خۇددى شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە ئېيتقاندەك: «دىن ھەممە ساھەدە پەقەت ئاللاھقا ئىخلاس قىلىش ۋە مەخلۇقاتقا شەپقەت قىلىشنى ئاساس قىلىدۇ». ياكى ئىمام رازى ئېيتقاندەك: «دىن ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاش ۋە مەخلۇقاتقا شەپقەت قىلىشقا قويۇلغان بىر ئىسىمدۇر» ۋە ياكى ئىمام ھەرەۋى ئېيتقاندەك: «ئاللاھنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى ئورۇنداش، توسقانلىرىنى تاشلاش ۋە جاھان ئەھلىگە شەپقەتلىك بولۇشتۇر». دېمەك، دىنىنىڭ ئاساسى ۋە ئۇنىڭ غايىسى ئاللاھ تائالاغا لايىقىدا بەندىچىلىك قىلىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقلىرىغا ياخشىلىق قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ھاجەتمەنىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بېرىش دىللاردا ئۆچمەس سۆيگۈ - مۇھەببەت قالدۇرىدىغان كاتتا ئىش ۋە ئۇلۇغ ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھقا ئەڭ يېقىملىق ئادەم كىشىلەرگە مەنپەئەتلىك ئادەمدۇر، ئاللاھقا ئەڭ يېقىملىق ئەمەل بىر مۇسۇلمان ئادەمنىڭ كۆڭلىگە خوشاللىق كىرگۈزۈش ياكى ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش ۋەياكى ئاچلىقنى تويغۇزۇشتۇر. مەن ئۈچۈن بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىم بىلەن بىللە مېڭىپ ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بېرىش مېنىڭ مۇشۇ مەسچىتىمدە ئولتۇرۇپ بىر ئاي ئېتىكاپ قىلغاندىن ئەۋزەلدۇر. كىمكى ئاچچىقىنى بېسىۋالسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ئەيىبىنى يۆگەيدۇ، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنىڭ كۆڭلىنى خوشاللىققا تولدۇرىدۇ، بىرەر مۇسۇلماننىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ماڭغان كىشىنىڭ قەدىمىنى ئاللاھ قەدەملەر تېيىپ كېتىدىغان قىيامەت كۈنىدە مۇستەھكەم قىلىدۇ»[①].

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇسۇلمانلارنى خالىسانە خىزمەتكە بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿وَلِكُلٍّ وِجْهَةٌ هُوَ مُوَلِّيهَا فَاسْتَبِقُوا الْخَيْرَاتِ﴾** يەنى «ھەربىر ئۈممەتنىڭ يۈزلىنىدىغان قىبلىسى بار. شۇڭا سىلەر ياخشى ئىشلارنى بەس- بەستە قىلىڭلار»[②]، **﴿فَاسْتَبِقُوا الْخَيْرَاتِ إِلَى اللَّهِ مَرْجِعُكُمْ جَمِيعًا فَيُنَبِّئُكُمْ بِمَا كُنْتُمْ فِيهِ تَخْتَلِفُونَ﴾** يەنى «ياخشى ئىشلارغا ئالدىراڭلار. ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەر(نىڭ قايسىسىنىڭ ھەق، قايسىسىنىڭ ناھەق ئىكەنلىكى) توغرىسىدا ئاللاھ سىلەرگە خەۋەر بېرىدۇ»[③].

---

[①] ئىمام تەبەرانى رىۋايىتى، ئەلبانى«ھەسەن» دەپ باھالىغان ھەدىس.

[②] سۈرە بەقەرە 148- ئايەت.

[③] سۈرە مائىدە 48- ئايەت.

بىزنىڭ نامــاز، روزا، زاكــات، ھەج قاتارلىق شۇ بەلگىلىك ئىبادەتلىرىمىزنىڭ ھەممىسى بىزنى ئاللاھ تائالاغا لايىقــدا بەنــدىچىلىك قىلــدىغان، ئىنســانلار، ھايۋانلار، ئۇچــار قۇشــلار ۋە بــارلىق جانلىقلاردىن ئىبارەت ئــاللاھ تائالانــىڭ مەخلۇقاتىغا ياخشىلىق قىلىدىغان قىلــىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن بۇيرۇلغان. ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، كۆپىنچە مۇسۇلمانلار خــۇددى دوختــۇر بۇيرۇغــان دورىنــى ۋەقتى ـ قەرەلىدە يەپ تۇرۇپ كېسەلدىن ساقىيالمىغان بىمارلارغا ئوخشاش قىلغان ئىبادەتلىرىدىن نەپ ئالالمايۋاتماقتا.

بىز مۇشۇنداق ئېسىل، مۇشــۇنداق مــۇكەممەل ۋە مۇشـــۇنداق رەھـــم-شەپقەتلىك بولۇشقا چاقىرىــدىغان بىــر دىنىنىڭ مەنسۇپلىرى تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ ئارقىسدا قېلىۋاتىمىز. بىزنىڭ دىنىمــىز باشــقىلارنىڭ غېمىنــى يېيىشــنى، ئــۆز نەپســـىنىڭ بېخىللىقـــىدىن كېچىـــپ موھتاجلارغا ياردەم قىلىشــنى ۋە ئــاللاھ تائالانـــىڭ بەنـــدىلىرىگە مەنـــپەئەت يەتكۈزۈشنى دىنىنىڭ جەۋھىرى قاتارىدىن سانىغان بولسىمۇ، بىز مۇسۇلمانلاردىكى بىر ـ بىرىمىزنــىڭ غېمىنــى يېــيىش ۋە خالىسانە ئىش قىلىش دەرىجىســى نــۆل دەرىجىدە بولۇپ كەلمەكتە.

بىز بەزىدە بىرەر ئادەمنىڭ قانــداقلا بىر ئىشنى خالىسانە قىلىپ قويغانلىقىدىن ھەيــران قــالىمىز، مۇنــداق ئــادەمنى قالتىس ئادەم دەپ كېتىمىز. ئەسلىدە بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ھەيران قېلىشىمىز لازىم. چۈنكى خالىسانە ئىــش قىلىــش، باشقىلارغا بەدەلسىز ياخشــىلىق قىلىــش بىزنىڭ دىنىمىزنىڭ بۇيرۇقى تۇرســىمۇ، بـــــز خالىســــانە ئىـــــش قىلـــىپ كۆنمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، خالىسانە ئىش قىلــىش بــــز ھەيــــران قالــــدىغان ۋە ئەجەبلىنىدىغان ئىش بولــۇپ قالغــان. ئەسلىدە، خالســـانە ئىــش قىلــش ۋە كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش مۇســۇلمان ئــادەم ئۈچــۈن ئەجەبلىنەرلــىك ئىــش ئەمەس، ئەكســىچە، ئــۇنى قىلماســلىق ئەجەبلىنەرلىك ئىشتۇر.

خالىسانە خــزمەت قىلــش نــۆلگە چۈشۈپ قالغــان جەمئىيەتــتە كىشــلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر مەنپەئەتكە باغلىنىپ قالىدۇ. مۇنداق بىر جەمئىيەتتە ئۆزئـــارا ھەمكـــارلىق، ســـەممىيلىك، بېغىشلاش ۋە پىداكارلىق دېگەنلەردىــن سۆز ئېچىش قىيىن بولىدۇ. مۇنداق بىر جەمئىيەت كىشــلىرى شەخســيەتچىلىك قىلىپ، ھەممىسى ئۆزىنىڭ غېمى بىلەنــلا قالغــانلىقتىن، ئومۇمغــا مۇناســۋەتلىك مۇھىم ئىشلار بىلەن ھېچكىمنىڭ كــارى بولمايدۇ. نەتىجىدە، ئومۇم خەلق زىيان تارتىدۇ.

بـــز ياخشـــى ئىشـــنى ۋە خالســـانە يـــاردەملەرنى ھەمىشـــە مۇســـۇلمانلارلا قىلىدۇ دەپ ئــويلاپ قــالىمىز. ئەممــا

ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس. بىز مۇسۇلمانلار بۇ ئىشتىمۇ باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا قالغان. مەسىلەن: ئامېرىكىنى مىسال قىلساق، 2010- يىلى ئېلىپ بېرىلغان ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئامېرىكىدا ھەربىر تۆت ئادەمنىڭ بىرى ئۆمرىنى خالىسانە ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن. 2010- يىلى ئېلىپ بېرىلغان ئاشۇ ستاتىستىكىدا يەنە ئامېرىكىدىكى خەيرىيەت جەمئىيەتلىرىنىڭ يىللىق كىرىمى بىر يېرىم تىرىليون دوللارغا يەتكەنلىكى (يەنى ئامېرىكىنىڭ ئومۇمىي كىرىمىنىڭ يۈزدە 10 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغانلىقى) ئېلان قىلىنغان. ئامېرىكىدىكى دىنىي تەشكىلاتلار ئۇ جايلاردىكى خەيرىيەت جەمئىيەتلىرىنىڭ كىرىمىدىن ئاز دېگەندە يۈزدە 35 پىرسەنتىنى تاشقىرىدا خىرىستىيان دىنىنى تارقىتىش ئىشلىرىغا ئىشلىتىدىكەن.

بىزنىڭ ئۇلۇغ دەستۇرىمىز «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ خالىسانە ئىش قىلغۇچىلارنى ماختايدۇ ۋە باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. ﴿وَالَّذِينَ تَبَوَّءُوا الدَّارَ وَالْإِيمَانَ مِنْ قَبْلِهِمْ يُحِبُّونَ مَنْ هَاجَرَ إِلَيْهِمْ وَلَا يَجِدُونَ فِي صُدُورِهِمْ حَاجَةً مِمَّا أُوتُوا وَيُؤْثِرُونَ عَلَى أَنْفُسِهِمْ وَلَوْ كَانَ بِهِمْ خَصَاصَةٌ وَمَنْ يُوقَ شُحَّ نَفْسِهِ فَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾ يەنى «ئۇلاردىن ئىلگىرى مەدىنىدە يەرلىشىپ قالغان، ئىمانى كۈچلۈك بولغان (ئەنسار)لار ئۆزلىرىنىڭ يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەن(مۇھاجىر)لەرنى دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ ۋە ئۆزلىرى موھتاج تۇرۇقلۇق (ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى) ئۆز مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلىدۇ. ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر»[①]. ئىسلام مۇتەپەككۇرى سەييىد قۇتۇب بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «بېخىللىق ھەرقانداق بىر ياخشىلىقنىڭ ئالدىدا چوڭ توسقۇنلۇقتۇر. چۈنكى بارلىق ياخشىلىق بېغىشلاشتىن كېلىدۇ. پۇل- مېلىنى بېغىشلاش، مۇھەببىتىنى بېغىشلاش، ۋاقتىنى بېغىشلاش، كۈچىنى بېغىشلاش، كېرەك بولغاندا جېنىنى بېغىشلاش قاتارلىق بىرقانچە تۈرلۈك بېغىشلاشلار بىلەنلا ياخشىلىققا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئېلىشنىلا بىلىپ، بېرىشنى بىلمەيدىغان، شەخسىيەتچى، بېخىل ئىنسانلار ھېچ نەرسىسىنى بېغىشلىيالمايدۇ. شۇڭا، نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغان ئادەم ياخشىلىق يولىدىكى توسقۇنلۇقنى پارچىلاپ تاشلىغان بولىدۇ ۋە بېغىشلىغۇچى بولۇپ مەيدانغا چىقىدۇ».

---

① سۈرە ھەشر 9_ ئايەت.




مەن كىچىك ۋاقىتلىرىمدا ھويلىمىزنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئىككى تۈپ ئۆژمە دەرىخى بولىدىغان، ئۆژمە دەرىخىنىڭ غوللىرى ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتمىگۈدەك دەرىجىدە چوڭ بولۇپ، غول شاخلىرى ئەتراپىغا نەچچە ئون مېتىرلىك دائىرىگىچە سوزۇلاتتى. ئاتامنىڭ دېيىشىچە بۇ ئۆژمە دەرەخلىرى ئاتامنىڭ ئاتىسىنىڭ زامانىدىن ئىلگىرىمۇ بار بولۇپ، نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەن. 90 ـ يىللارنىڭ بېشىدا سەئۇدىي ئەرەبىستاندىن تىگى شاھىيارلىق ئابدۇرېقىپ قارىھاجىم ۋە ئاكىسى ھەسەنھاجىملار ئۆيىمىزگە مېھمان بولۇپ كەلگەندە، ئاتامنىڭ بۇ ئۆژمە دەرەخلىرىنىڭ ئاتىسىدىن مىراس قالغان تەۋەررۈكلەر ئىكەنلىكىنى ھاياجان بىلەن سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

بۇ مېنىڭ ئاتامنىڭ باشقىلارغا ئۆژمە ھەققىدە سۆزلىگەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىشىمىدى. ئاتام ئاچچىقى يامان مىجەزى چۇس ئادەم بولۇپ، ئادەتتە باشقىلارغا ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئاسانلىقچە دېمەيدىغان ئادەم ئىدى، پەقەت ئۆزى ھۆرمەت قىلغان ۋە چوڭ بىلگەن ئادەملىرىگىلا مۇشۇنداق ئىشلار توغرۇلۇق ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ سۆزلەپ بېرەتتى. شۇ قېتىمقى سۆھبەت جەريانىدا ئاتام يەنە 1958 ـ يىلى كۇچادا يۈز بەرگەن سۇ ئاپىتىدە قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ مۇشۇ ئۆژمە دەرىخىگە چىقىۋېلىپ جان ساقلىغانلىقلىرىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن ئىدى.

ئاتامنىڭ ئۆژمىلەرگە ئالاھىدە ئىشتىياقى بار ئىدى. ئاتامنىڭ ھەر يىلى ئۆژمە پىششىقىدا بامدات نامىزىدىن

كېيىنلا قىلىدىغان بىرىنچى ئىشى ئۆز قولى بىلەن ئۈژمە تېرىپ يېيىش ئىدى. قۇلۇم ـ قوشنىلار، مەھەللىدىكىلەر، ھەتتا يولدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرمۇ ھويلىمىز ئالدىغا كېلىپ، ئۈژمە يېسە ئاتام شۇنچىلىك خۇشال بولاتتى. لېكىن كەپسىز باللار ئۈژمە دەرەخگە چىقىۋېلىپ، ئۈژمىلەرنى قېقىۋەتسە ياكى شاخلىرىنى سۇندۇرۇۋەتسە ئاتامنىڭ شۇنچىلىك ئاچچىقى كېلەتتى.

تام قوشنىمىزنىڭ بىر قانچە بالىسى بولۇپ، بىر ئاز كەپسىز ئىدى. ئۇلار بەزىدە ئۈژمە دەرەخلىرىگە چىقىۋېلىپ، ئۈژمىلەرنى قېقىۋېتەتتى ياكى ئۈژمىلەرنى شېدىشاپقا ئوڭشاپ قاقالماي، زايە قىلىۋېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئاتامنىڭ ئاچچىقى كېلىپ: «ئەگەر ئابدۇللا قارىھاجىمنىڭ يۈزىنى قىلمىغان بولسام، ئەدىبىڭلارنى تازا بەرگەن بولاتتىم. قارى ـ قۇرئان ئادەمنىڭ نەۋرىلىرىمۇ مۇشۇنداق كالامپاي چوڭ بولۇپ قالىدىكەن» دەپ ۋارقىراپ كېتەتتى. كېيىنچە يەر دەۋاسى بىلەن بۇ خوشنىمىز بىلەن بولغان ئارىلىقىمىز سەل يىراقلاپ كەتتى. شۇ چاغدىمۇ ئاتامنىڭ ئېغىزىدىن يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى بىرقانچە قېتىم ئاڭلىدىم. بۇ چاغلاردا مەنمۇ تېخى بالا، گۆدەك بولغاچقا ئاتامنىڭ ئابدۇللا قارىھاجىم ھەققىدىكى بايانلىرىغا ئانچە زەن قويمىغانىكەنمەن. كېيىن مەنمۇ چوڭ بولدۇم، ئوقۇشقا كەتتىم، يۇرتتىن ئايرىلدىم، يىللار ئۆتكەنچە ئەسلىمىلەرمۇ خىرەلەپ كەتتى. لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر ئابدۇللا قارىھاجىم دېگەن بۇ ئىسىم كاللامدىن ھېچ ئۆچمىگەنىدى. ئاتامنىڭ ئەسلىمىلىرىنى ئەسلەشكە شۇنچە تىرىشتىم، ئەمما غۇۋا بايانلاردىن باشقا ھېچنىمىنى ئىسىمگە ئالالمىدىم. مەندە ئابدۇللا قارىھاجىم ھەققىدە بىر نەرسە يېزىش ئىستىكى قوزغالغاندىن باشلاپ، بار ئىمكانىيەتلىرىدىمدىن پايدىلىنىپ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنى دىگۇدەك كۆرۈپ چىقتىم، ئىنتېرنېت سەھىپىلىرىدىن ئىزدىدىم، ئەمما ئابدۇللا قارىھاجىم ھەققىدە ھېچقانداق ئۇچۇرغا ئېرىشەلمىدىم. ھەتتا «كۇچادا ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەر» دېگەن كىتابقىمۇ بۇ ئادەمنىڭ ئىسمى كىرگۈزۈلمىگەنىدى.

ئاتامنىڭ ئەسلىمىسىدىكى بايانلارغا كۆرە، ئابدۇللا قارىھاجىم ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ كۇچا كونا شەھەردە ياشاپ ئۆتكەن دىنىي ئائىلىنىڭ پەرزەنتى بولۇپ، ياش ۋاقتلىرىدا كۇچادىكى داڭلىق ئۆلىمالاردىن تەلىم ئېلىپ، نام چىقارغان. ئابدۇللا قارىھاجىمنىڭ ئاتىسى كۇچا كونا شەھەردىكى رەستە

مەسچىتنىڭ ئىمامى بولۇپ، 1930-يىلى ئاتىسىنىڭ ئورنىنى بېسىپ رەستە مەسچىتىگە ئىمام بولغان.

رەستە مەسچىتى كۇچادىكى نامى بار مەسچىتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، 1908-يىلى سېلىنغان، ئومۇمىي كۆلىمى 3330 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. تەخمىنەن 1500 ئادەم بىرلا ۋاقىتتا ناماز ئوقۇيالايدۇ. رەستە مەسچىتى كۇچا كونا شەھەرنىڭ مەركىزىگە، «كۆسەن كېچىكى» دەپ ئاتالغان كۆۋرۈكنىڭ دەل ئۇدۇلغا جايلاشقان بولۇپ، كونا شەھەر مەركىزىنىڭ ئەڭ ئاۋات يېرى ھېسابلىنىدۇ. مەسچىتنىڭ ئەتراپىغا ئايلاندۇرۇپ دۇكانلار سېلىنغان بولۇپ، دۇكانلاردىكى قول-ھۈنەر بۇيۇملىرى مەسچىتنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىگە تېخىمۇ گۈزەل تۈس بەرگەن.

ئابدۇللا قارىھاجىم 1894-يىلى كۇچا كونا شەھەردە تۇغۇلغان. ئۇ 1935-يىلى سەئۇدىي ئەربستاندىكى ئوقۇشىنى ۋە ھەج پەرزىنى تاماملاپ، كۇچاغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مۇسايىپ داموللا ھاجىم، ھامۇت مەۋلىۋى داموللا ھاجىم قاتارلىق ئىلغار پىكىرلىك دىنىي زاتلار بىلەن بىرلىكتە جەمئىيەتتە قالاق ئادەتكە ئايلانغان دەپنە ئىشلىرىدىكى مۇرەككەپ قائىدە-يوسۇنلارنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، دىنىدىكى بىدئەت ئەمەللەرنى يوقىتىپ، كىشىلەرنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىنى ئازايتىشقا كۈچ چىقىرىدۇ. ئۇ مەدرىسىلەردە تىل-ئەدەبىيات، ھېساب، تارىخ، جۇغراپىيە ۋە تەبىئەت بىلىملىرىنى ئۆگىتىشنى تەشەببۇس قىلىپ، دىنىي بىلىم ئېلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە رىغبەتلەندۇردۇ.

ئابدۇللا قارىھاجىمنىڭ زاماندىشلىرىنىڭ بايان قىلىشچە، ئابدۇللا قارىھاجىم ھەر جەھەتتىن يېتىلگەن ئىستىداتلىق، يۈرەكلىك ياش بولۇپ، ئۇ ئەينى يىللىرى قەشقەر ۋە ئاقسۇلاردا نەشىر قىلىنغان ھەرخىل نەشىر ئەپكارلىرىدا جەمئىيەتتىكى ئىللەتلەرنى پاش قىلىدىغان ماقالىلارنى ئېلان قىلىپ تۇرغان. بىراق ئۇنىڭ بۇ ماقالىلىرى ھەققىدە قولۇمىزدا ھېچقانداق بىر پاكىتلىق ئىسپات يوق. بۇ ساھەگە قىزىقىدىغان ۋە ئىمكانىيەتلىرى يار بېرىدىغان تەتقىقاتچىلارنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللاردىن ئىزدەپ كۆرۈشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

1949-يىلى 10-ئاينىڭ 6-كۈنى، يەنى قۇربان ھېيت كۈنى كۇچادا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئارمىيىسى 65-

بىرگادىسىنىڭ 383 ـ پولكىدىكى بىر قىسىم ئەسكەرلەر ئەسەبىيلىشىپ، كۇچا كونا شەھەردىكى ئاھالىلەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى، ئۆيلەرگە ئوت قويۇپ، قىز ـ ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلدى، ئادەم ئۆلتۈرۈپ ۋەھشىيلىك قىلدى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بۇ قىلمىشلىرىغا چىداپ تۇرالمىغان ئابدۇللا قارىھاجىم كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، ئۇلارنى توسماقچى بولىدۇ، بىراق قانخور گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئابدۇللا قارىھاجىمنى قاتتىق ئۇرۇپ يارىلاندۇرىدۇ. ئابدۇللا قارىھاجىم بۇ ۋەقەدىن كېيىن پالەش بولۇپ قالىدۇ. كېيىن داۋالىنىش جەريانىدا سالامەتلىكى ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كېلىدۇ.

ئابدۇللا قارىھاجىم كېيىن ئېلىپ بېرىلغان ھەرخىل ھەرىكەتلەر جەريانىدا خەلق بىلەن بىر سەپ تۇرۇپ، خەلقنىڭ دەرت ـ ئەلەملىرىگە شىپا ئىزەيدۇ. شۇڭا ئۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلانغان ھامان تارتىپ چىقىرىلىپ، ئۇنىڭغا «ئەكسىلئىنقىلابچى» قالپىقى كىيگۈزىلىدۇ، ئېغىر جىسمانىي ئەمگەككە سېلىنىپ خارلىنىدۇ. 1977 ـ يىلى 2 ـ ئايغا كەلگەندە روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن نابۇت قىلىنغان ئابدۇللا قارىھاجىم كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولىدۇ. گەرچە ئۇنىڭ نامى 1980 ـ يىلى ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئەسلىگە كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ نامى خەلقنىڭ ئارىسىدىن ئاستا ـ ئاستا ئۆچۈشكە باشلايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ نامىنى بىلىدىغانلار ئانچە كۆپ بولمىسا كېرەك.

ئەمەلىيەتتە ئابدۇللا قارىھاجىم كۇچادا ياشاپ ئۆتكەن ناھايىتى ئاز ساندىكى نامى ئەل ئارىسىغا تارقالغا ۋە خەلقنىڭ قەلبىدىن ھەققىي ئورۇن ئالغان دىنىي ئۆلىمالىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ، مەيلى شەھەردە بولسۇن، مەيلى يېزىلاردا بولسۇن، ئۇنىڭ خەلق ئارىسىدا ھۆرمىتى زور ئىدى. ئابدۇللا قارىھاجىم كۇچادىكى مەدرىسلەردە، قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە، ئاندىن سەئۇدىي ئەرەبىستاندا ئوقۇغان بولۇپ، ئۇنىڭ نامى مىسىردا ئوقۇغان مۇھەممەت ئىمىن قازى ھاجىم، سەئۇدىي ئەرەبىستاندا ئوقۇغان مۇسايىپ داموللا ھاجىم، ھىندىستاندا ئوقۇغان ھامۇت مەۋلىۋى داموللا ھاجىملار بىلەن تەڭ قاتاردا سانىلاتتى. ①

---

① كۇچا تارىخ ماتىرىياللىرى (6) 60 ـ بەت
پايدىلانغان مەنبەلەر:
«كۇچا تەزكىرىسى»، ″شىنجاڭ″ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.
«كۇچا تارىخ ماتېرىياللىرى»، سىياسىي كېڭەش كۇچا ناھىيىلىك كومىتېتى، 2004 ـ يىلى ئاتامنىڭ ئەسلىمىلىرى.






## ئون يەتتىنچى گۈلخان

### ياشلارغا خاس روھ بىلەن ياشاڭلار!

روھ بىلەن تەن ئوتتۇرىسىدا چوقۇم بىر-بىرىدىن ئاجرىماس مۇناسىۋەت بولۇشى ناتايىن. يەنى ئىنساننىڭ ھەممىتى ۋە ئەقلى چوقۇم ئۇنىڭ يېشىغا قارىتا بولماسلىقى مۇمكىن. بەزى كىشىلەر تېخى قىرانلىق يېشىدا تۇرۇپلا قېرىلارچە، خارامۇش روھ بىلەن ياشايدۇ. بەزى مويسىپىتلەر باركى يېشى سەكسەنلەردىن ھالقىغان بولسىمۇ، ئۆزى جۇشقۇن كەيپىياتتا، ياشلارغا خاس كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ياشايدۇ. بۇ ئېيتقانلىرىمىز ھەرگىزمۇ مۇبالىغە ئەمەس. مەن قىز-يىگىتلەرگە مەسلىھەتچى ۋە يول كۆرسەتكۈچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن رىئاللىقتىن چەتنىگەن سۆزلەرنى قىلىشنى مۇناسىپ كۆرمەيمەن. ياشلارنىڭ تېخىمۇ ئەمەلىي نەپكە ئېرىشىشىنى كۆزدە تۇتۇپ تۆۋەندە ئەڭ مۇھىم ئىشلارنى تىلغا ئالىمەن ۋە ياشلارغا خاس روھ شەكىللەندۈرىدىغان ئامىللارنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

قېنى ھەممىمىز ئۆزىمىزدە شۇ ئامىللاردىن قانچىلىك ھازىرلىغانلىقىمىزغا قاراپ باقايلى:

1. ياشلارغا خاس روھ دېگىنىمىز

- ئاللاھنىڭ كەرەمى ۋە لۇتفى - مەرھەمتىگە چىن ئىشىنىش، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ مەدىتى ۋە چەكسىز ئاتا-ئىھسانلىرىغا ئۈمىدۋار بولۇش دېگەنلىكتۇر.

2. ياشلارغا خاس روھ دېگىنىمىز
- پىشقان، خاراكتېر يېتىلدۈرگەن، ئويغاق، ئەقلى ئېچىلغان، زېھنى قاتماللىقلاردىن خالىي روھ دېگەنلىكتۇر.

3. ياشلارغا خاس روھ دېگىنىمىز
- جۇشقۇن، ھەر ئىشنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلايدىغان، باشقىلار بىلەن ئاقىللارچە دىئالوگلىشالايدىغان، قەيەردە يىغلاپ، قەيەردە كۈلۈشنى بىلىدىغان روھ دېگەنلىكتۇر.

4. ياشلارغا خاس روھ دېگىنىمىز
- ئىزچىل ھالدا روھ، ئەقىل، نىشان ۋە غايە يۈكسەكلىكىگە قاراپ سىلجىۋاتقان روھ دېگەنلىكتۇر. ئى سۆيۈملۈك ياشلار ئادەملەرنىڭ قاچان قېرىيدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟! شۈبھىسىزكى، ئادەم پەقەت ئارمانلىرى قېرىغاندىلا قېرىيدۇ، غايە ۋە ئارزۇلىرى ئۆلگەندىلا ئۆلىدۇ.

5. ياشلارغا خاس روھ دېگىنىمىز
- ئەتراپىدىكى بولىمىشلارغا قارىتا يېڭىچە تەپەككۇر يوللىرىنى تېپىپ چىقالايدىغان، ئىلمىي ۋە كىتابىي يېڭىلىقلاردىن ۋاقتى-ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇپ تۇرىدىغان، ھەر قاچان ئۆزىدە يېڭىچە سالاھىيەت ھازىرلاشقا تەييار تۇرىدىغان، مەۋجۇدىيەتنى چۈشىنىش ۋە ئىجادكارلىققا يۈرىكىدە ئوتى بار روھ دېگەنلىكتۇر.

6. ياشلارغا خاس روھ دېگىنىمىز
- ياشانغانلار ئويلاشقا پېتىنالمايدىغان يۈزلىنىش ۋە ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە ئىمكانىيەت دائىرىسىدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈش دېگەنلىكتۇر.

7. ياشلارغا خاس روھ دېگىنىمىز
- ئىزچىل ھالدا ئۆزى ۋە ئۈممىتى ئۈچۈن پارلاق كەلگۈسى يارىتىش يولىدا تىرىشىش ۋە قول سېلىپ ئىشلەش دېگەنلىكتۇر.

8. ياشلارغا خاس روھ دېگىنىمىز
- بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان ئەمەس، بەلكى ئۇزاق مەزگىللىك پىلان ۋە ئىستراتېگىيە بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغان روھ دېگەنلىكتۇر. پەقەت يۈكسەك روھ ساھىبلىرىلا ئۆزى كۆرەلمەسلىك ئېھتىمالى بولغان تۇرلەرنى پىلانلىيالايدۇ ۋە شۇ يولدا ھەرىكەت قىلالايدۇ.

9. ياشلارغا خاس روھ دېگىنىمىز
- باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى ۋە سەۋەنلىكلىرىنى توغرا تەرەپتىن

ئويلىيالايدىغان ۋە ئەپۇ قىلالايدىغان، قارنى-كۆكسى كەڭ، سىغدۇرۇشچان، سۇزۇك روھ دېگەنلىكتۇر.

**10.** ياشلارغا خاس روھ دېگىنىمىز - ياخشىلىق يوللىرىدا بەيگىگە چۈشەلەيدىغان، ھەر دائىم ئىنسانلار جەمئىيىتىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى ئىستەيدىغان، ۋەتىنىنىڭ قەد كۆتۈرۈشى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن بىر كىشىلىك تۆھپە قوشۇشنى مۇقەددەس بۇرچ بىلىدىغان روھ دېگەنلىكتۇر.

**11.** ياشلارغا خاس روھ دېگىنىمىز - ئۈمىدسىز، چۈشكۈن، مەغلۇبىيەتلىك ھاياتقا رازى بولمايدىغان، بەلكى كەڭ ئۇپۇقلارغا كۆز تىكىپ، گۈزەل ئەتىگە ئىنتىلىپ تۇرىدىغان روھ دېگەنلىكتۇر.

بۇ مەكتۇپنىڭ قىز-يىگىتلەرگە قارىتا مۇھىم نۇقتىلىرى:

مەزكۇر مەكتۇپ، قىز-يىگىتلەردىن پەقەت بىرلا نەرسىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، يېڭىچە روھ يېتىلدۈرۈش، روھنى تازىلاپ، جانلاندۇرۇپ، يېڭىلاپ ۋە قاناتلاندۇرۇپ تۇرۇش.




## ئۆزۈڭلارغا خاس خاراكتېر يېتىلدۈرۈڭلار!

دۇنيادىكى ئادەملەر نۇرغۇن ئىشلاردا يۇقىرى دەرىجىدە ئورتاقلىققا ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىرىمىز ئۆزىمىزگە خاس خاراكتېر يېتىلدۈرۈشكە ئېھتىياجلىق. بىز دەۋاتقان خاراكتېر سىپتىلىق، مۇلايىملىق، كۆيۈمچانلىق؛ پۇختىلىق، مۇكەممەللىك؛ سېخىيلىق، مەرتلىك ۋە ياكى گەپ - سۆزدىكى ماھىرلىق قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شەخسىي خاراكتېر بىزنى ئەتراپىمىزدىكى تۈمەنلىگەن كىشىلەردىن پەرقلىق كۆرستىدىغان ئالاھىدىلىكتۇر. باشقىلاردىن ئالاھىدە بولۇش ھەرگىزمۇ ئۈستۈنلۈك تالىشىش ياكى مەنلىك تالىشىش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى يۈكسەك دىتقا ئىگە بولۇش، كۆيۈمچانلىق، سېخىيلىق، ئۆزىنى ئازادە تۇتۇش، ئۆزىنى ئىپادىلەشكە ماھىر بولۇش... قاتارلىقلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بۇ خىل خاراكتېرگە ئىگە كىشىلەر تەبىئىيلا ئەۋلادلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسىگە ئايلىنىدۇ ۋە تۇرغۇن، تۇرتمەل ھاياتقا رەڭ ۋە مەنا ئاتا قىلىدۇ.

بىر قىسىم ياشلار ″بىز ھەر بىرىمىز ئۆزىمىزدە شەخسىي خاراكتېر

يېتىلدۈرۈشكە قادىر بولالايمىزمۇ؟" دەپ سورىشى مۇمكىن. ئۇلارغا جاۋابەن دەيمىزكى، ئەلۋەتتە ھەر بىر ئادەمنىڭ شەخسىي خاراكتېر يېتىلدۈرەلىشى تامامەن مۇمكىن. تۆۋەندە بۇنىڭغا بىر قانچە مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز.

- دۇكاندارلارنىڭ خېرىدارلارنى ئۆزلىرىنىڭ ماللىرىغا قىزىقتۇرۇشى ۋە دۇكىنىغا جەلپ قىلىشى تەبىئىي ئىش. ناۋادا سىز دۇكىنىڭىزغا كىرگەن خېرىدارغا "مەن بۈگۈن دەسلەپ قىلدىم، لېكىن خوشنام ھېچنەرسە سېتىپ باقمىدى، ئىككىمىزنىڭ دۇكىنىدىكى مال ئوخشاش، شۇنىڭدىن سېتىۋالسىڭىزمۇ بولىدۇ" دېيەلىسىڭىز، سىزنى ئۆزگىچە خاراكتېرگە ئىگە ئادەم دېيىشكە بولىدۇ.

- ناۋادا باشقىلار سىزگە ھاجەتمەن بولۇپ قالغاندا، سىز ئۇلارغا ئۇدۇللا قىلىپ "ھە نېمە ھاجىتىڭىز بار ئىدى" دېگەننىڭ ئورنىغا "مېنىڭ ياردىمىم تېگىدىغان بىرەر ئىش بارمىدى، سىزگە مەن نېمە قىلىپ بېرەلەيمەن" دەپ سورىسىڭىز، يەنى قارشى تەرەپنى خىجىلچىلىقتىن ۋە ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش تۇيغۇسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالىسىڭىز، سىزنى ئۆزگىچە خاراكتېرگە ئىگە ئادەم دېيىشكە بولىدۇ.

- مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا، خۇسۇسەن ئەرەب ئەللىرىدە ۋاقىتقا رىئايە قىلماسلىق خىلىلا ئومۇملىشىپ كەتكەن، ۋاقىتقا سائەت-مىنۇتلىرى بىلەن ئېتىبار بېرىدىغانلار ئىنتايىن كەم ئۇچرايدۇ. بىراۋ بىلەن سائەت سەككىزدە ئۇچرىشىشنى ۋەدىلەشكەن بولسىڭىز، توققۇز، توققۇز يېرىملاردا كېلىشى ياكى قەتئىي كەلمەيلا قويۇشىمۇ مۇمكىن. ناۋادا سىز بۇخىل ناچار ئادەتنى كەسكىن رەت قىلىپ، ھەردائىم ئۆزىڭىز ۋاقىتقا ئىنچىكە ئەھمىيەت بېرىپ، قارشى تەرەپنىڭ قانداق پوزىتسىيە تۇتۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆزىڭىزگە خاس ۋاقىت قارىشى يېتىلدۈرسىڭىز، تەبىئىيكى سىزنى ئۆزگىچە خاراكتېرگە ئىگە ئادەم دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ مەكتۇپنىڭ قىز-يىگىتلەرگە قارىتا مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ئۆزگىچە خاراكتېر دېگىنىمىز، خاراكتېر ئىگىسىنى باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان خاسلىق دېگەنلىكتۇر. بۈگۈنكى ئىسلام دۇنياسى مانا شۇنداق خاسلىققا ئىگە كىشىلەرگە تولىمۇ ئېھتىياجلىق.

2. ئۆزگىچە خاراكتېر ۋە خاسلىقنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ. بىز سەممىيلىك بىلەن ئۆزىمىزنى تەكشۈرۈپ، خاراكتېر يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدىغانلا

بولساق، ئۆزىمىزگە خاس ۋە ماس بولغان خاراكتېرگە ئىگە بولالايمىز.

3. ئۇممەتنىڭ ۋە مىللەتنىڭ مەۋجۇتلىقى، شۇنداقلا قەد كۆتۈرۈشى زور بىر تۈركۈم ئۆزگىچە خاراكتېرگە ئىگە كىشىلەرنىڭ شەكىللىنىشى ئارقىلىقلا كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ. ئۇنداقتا بىز ياشلار ئۇممەتنىڭ تەرەققىيات ۋە مەۋجۇدىيەت ئاملىغا ئايلىنىشىمىز لازىم.

4. ئۆزگىچە خاراكتېر ۋە خاسلىق مەسىلىسىدە قىزلارنىڭ رولى ھەققەتەن زور. (بىر مىللەت قىزلىرىدىكى ئىپپەت، شەرم-ھايا ۋە يارامىلىق پەرزەنت تەربىيىچىلىرى بولۇش... قاتارلىقلار شۇ مىللەتنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىللاردۇر). بىز قىزلىرىمىزنىڭ بۇ مۇقەددەس بۇرچقا سەل قارىمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز... شۇنداقلا ئۇممىدىمىزنى يەردە قويماسلىقنى ئۆتۈنىمىز.




ئېڭىڭلارنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىڭلار!

ئۆزلۈكنى يوكسەلدۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ تۇنجى نۇقتا ئۆزىمىزنىڭ كۈچلۈك ۋە ئاجىز تەرەپلىرىمىزنى؛ ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپلىرىمىزنى؛ غالىپ ۋە مەغلۇپ تەرەپلىرىمىزنى پەرقلەندۈرۈۋېلىشىمىزدۇر.

ئي سۆيۈملۈك ياشلار، مېنىڭچە ئۆزىمىزنى چۈشىنىش ۋە ئاشكارىلىش ئەتراپىمىزدىكىلەرنى ۋە ئۆتمۈشتىكى ئەجدادلارنى چۈشىنىشتىنمۇ مۇھىم. ناۋادا بىز سەممىي ۋە ئەستايىدىل بولىدىغانلا بولساق، ئۆزىمىزنى چۈشىنىش ئۇنچىۋالا قىيىن ئىشمۇ ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەقتە ئۇزاق-ئۇزاق شەرھلەرگە ئېھتىياجىمىز يوق. ناۋادا بىراۋ ئۆزىنى چۈشىنىشنى ئىرادە قىلسا، ئۆزىنىڭ كۈچلۈكلۈك نۇقتىسىدىن بەشىنى، ئاجىزلىق نۇقتىسىدىن بەشىنى ساناپ باقسۇن. ئېنىقكى بۇلارنى ساناشتا تازا ئادىل ۋە كەسكىن بولالمايدۇ. بەزى ئالاھىدىلىكلەر ۋە كەمچىلىكلەرنى ساناشتا ئىككىلىنىپ قالىدۇ. چۈنكى ئادەم ئۆزىگە لىللا باھا بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ. بۇنداق ۋاقىتلاردا تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە خىل ئۇسۇللارنى قوللانساق بولىدۇ:

1. زىرەك، سەممىي، سادىق

دوستىمىزدىن بىرنى تاللاپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىمىزدىكى ئالاھىدىلىك ۋە كەمچىلىكلەرنى سورايمىز. ئۇنىڭدىن ھەر قانداق كەمچىلىكلەرنى يوشۇرماي ئوچۇق ئېيتىشىنى تەلەپ قىلىمىز. دوستىمىزنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلايمىز ۋە خاتىرىلەپ چىقىمىز. بۇ ۋاقىتتا شۇنى ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويماسلىقىمىز كېرەككى، دوستىمىزنىڭ بىز ھەققىدە ئېيتقانلىرى پەقەت ئۇنىڭ شەخسىي كۆز قارىشى ۋە مۇلاھىزىلىرى بولۇپ، توغرا ۋە ياكى خاتا بولۇش ئېھتىماللىقى بار. گەرچە بۇ مۇلاھىزىلەر بىزگە بېرىلگەن ئاخىرقى ھۆكۈم بولالمىسىمۇ، ئەمما پايدىلىنىشقا يارايدۇ. شۇنداقلا ئۆزىمىزنى تەكشۈرۈپ بېقىشقا ياردىمى بولىدۇ.

2. ھېس-تۇيغۇ ۋە ئوي-پىكرىمىزنى كونكېرت، رېئال مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرىمىز ۋە ئۆزىمىزدىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي خاراكتېرلەرنى ساناپ چىقىمىز. مەسىلەن: مەن خىيالچان، مەن باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىشقا ماھىر، مەن پەرز ئىبادەتلەرگە ھەرگىز سەل قارىمايمەن، مەندە ئالاھىدە دىت ۋە تالانت بار؛ مەندە مۇۋەپپەقىيەتكە قارىتا ئىشەنچ كەمچىل، مەن بىر ئاز سۆرەلمە، مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەر بىلەن، بولۇپمۇ ئانام بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم تازا يېتەرلىك ئەمەس، مېنىڭچە كۆپىنچە دوستلىرىم مەن بىلەن پاراڭلىشىشنى ۋە سورۇندارچىلىق قىلىشنى ياقتۇرۇپ كەتمەيدۇ... دېگەندەك. بۇلار ئۆزىمىز ھەققىدىكى تۇنجى قەدەملىك مۇلاھىزىلەر بولۇپ، ئىنچىكە دىققەت قىلىشىمىزغا، ئىجابىي تەرەپلەرنى راۋاجلاندۇرۇپ، سەلبىي تەرەپلەرنى بارا-بارا تۈۋەن چەككە چۈشۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

3. كۈندىلىك تۇرمۇشىمىز ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشلار ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز. مەسىلەن: پەرز ئىبادەتلەرگە ئەھمىيەت بېرەلىدۇقمۇ؟ بىرەر چوڭ گۇناھقا چۈشۈپ قالدۇقمۇ؟... دېگەندەك. ناۋادا بىرەر گۇناھ سادىر بولۇپ قالغان بولسا، دەرھال ئاللاھقا تەۋبە قىلىمىز ۋە ئىككىنچى شۇ گۇناھقا يېقىنلاشماسلىققا ۋەدە بېرىمىز. ناۋادا سادىر بولمىغان بولسا، ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا ئېيتىمىز ۋە ئىنچىكە مۇشۇ ھالەتنى ساقلاشقا، بەلكى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىمىز.

4. سىلىشتۇرۇش ئۆزلۈك ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى ئىنتايىن ياخشى ئۇسۇل. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز دوستلار ۋە ساۋاقداشلارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ، ئۇلاردىكى شارائىت ۋە

ئەۋزەللىكلەر بىلەن بىزدىكى شارائىت ۋە ئەۋزەللىكلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشىمىز؛ ئۇلار ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلەر بىلەن بىز ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى، ئۇلار قىلىۋاتقان ياخشى ئىشلار بىلەن بىزنىڭ قىلىۋاتقانلىرىمىزنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشىمىز كېرەك. (سېلىشتۇرۇش بولغاندىلا ئارىدىكى پەرقنى روشەن ھېس قىلغىلى بولىدۇ. پەرقنى ھېس قىلغاندىلا تېخىمۇ تىرىشىشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.)

بۇ مەكتۇپنىڭ قىز-يىگىتلەرگە قارىتا مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ئۆزۈڭلارغا بولغان مەپتۇنلۇق ۋە مەغرۇرلۇق ئۆزۈڭلارغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشتىن توسۇپ قويمىسۇن. ئۆزۈڭلارغا بولغان گوڭگا تونۇش ۋە خىرە چۈشەنچە سىلەرنى ھەرگىزمۇ ئالغا ئىلگىرىلىتەلمەيدۇ.

2. ئۆزۈڭلارنى چۈشىنىشتىن مەقسەت ھەرگىزمۇ ئەۋزەللىكىڭلاردىن قانائەت تېپىش ۋە باشقىلارغا كۆز-كۆز قىلىش ئەمەس، بەلكى يۇكسىلىش ۋە ئۆزلۈكۈڭلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بولسۇن.

3. ئىسلامىي نۇقتىئىنەزەردە ئىنسان بارچە مەۋجۇداتنىڭ مەركىزى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئۆزىمىزنى چۈشىنىشكە ئالغان تۇنجى قەدىمىمىز ماھىيەتتە كەڭ كائىناتنى چۈشىنىشىمىزنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر.




## باشقىلارغا ئېھتىرام بىلەن مۇئامىلە قىلىڭلار!

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، بۈگۈنكى دەۋردە ئىنسانلار شەھەرلىشىش، مەدەنىيلىشىش، ئۇلتۇراقلىشىش، ئىلىم-پەن ۋە پاراۋانلىق جەھەتلەردە ناھايىتى يۇقىرى پەللىگە يەتتى. بۇ ھەقىقەتەن مەدەنىيەلەشكە تېگىشلىك زور مۇۋەپپەقىيەت. لېكىن ئىنسانلار قانچىكى تەرەققىي قىلىشتىن قەتئىينەزەر ياۋۇزلۇق، زالىملىق، ھەددىدىن ئېشىش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش... قاتارلىق سەلبىي تەرەپلەردىمۇ كۆپ خىللىشىپ كەتكەنلىكىنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك. يۇقىرىقى سەلبىي سۇپەتلەر گوياكى ۋىرۇستەك ھەر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا يوشۇرۇن ھالدا مەۋجۇت بولۇپ، ھەر قاچان ماس مۇھىت ۋە شارائىت تاپسىلا ئۆزىنى ئاشكارىلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. شۇنداق بولغانىكەن، بىز

ئۆزىمىزدىكى يامانلىق ھەۋەجەيرىلىرىنى ياخشى كونترول قىلىشىمىز ۋە ئۇلارنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە پۇرسەت بەرمەستىن، ئىنسانلار جەمئىيىتىمىزنى چۈشكۈنلۈك، زۇلۇم، ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەتلەردىن ساقلاپ قېلىشىمىز كېرەك.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا بىزنى ناھايىتى مۇھىم ۋە ئەھمىيەتلىك بىر ئىشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇ بولسىمۇ باشقىلارغا ئېھتىرام قىلىشتۇر. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىڭلار."① يەنى باشقىلارغا ياخشى سۆز قىلىش، مۇلايىم، سىپايە بولۇش، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆپرەك ئويلاڭلار...

ئى سۆيۈملۈك ياشلار، ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە ساپا كۆرسەتكۈچى ئەسلىدە ئۆز ئارا ئېھتىرام ۋە كۆيۈنۈشنى ئۆلچەم قىلىشى كېرەك ئىدى. ئەمەلىيەتتە چىن مەنىدە مەدەنىيەت ۋە ھازارەتكە ئىگە بولغانلار، قانچە يۇقىرى ئۆرلىگەنسېرى شۇنچە مۇلايىم ۋە خۇشپېئىل بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سۆز-ئىبارىلىرىمىزدە ئىنتايىن ئېنچىكە، دىتلىق بولۇپ، باشقىلارنى مەقسەتسىز ھالدا خاپا قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىشىمىز كېرەك. بۇ خۇسۇستا ئۆزىمىزگە "ئۆزۈڭلارغا خوپ كۆرگەننى باشقىلارغىمۇ خوپ كۆرۈڭلار" دېگەن ئالتۇن پرىنسىپنى قىبلىنامە قىلىشىمىز كېرەك. دېمەك، بىز باشقىلاردىن قانداق مۇئامىلە كۈتسەك، باشقىلارغىمۇ شۇنىڭ ئوخشىشىنى، بەلكى ئاشۇرۇپ قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ناۋادا بىز بۇ پرىنسىپقا ئەمەل قىلالىغان بولساق، نۇرغۇنلىغان ئىجتىمائىي قىيىنچىلىقلار ۋە توسالغۇلار يۈز بەرمىگەن ۋە ياكى ھەل بولۇپ كەتكەن بولاتتى. بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىز ناھايىتى مېغىزلىق قىلىپ مۇنداق ئېيتقان: "سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزىگە ياخشى كۆرگەننى قېرىندىشىغا ياخشى كۆرمىگىچە مۇئمىن بولالمايدۇ."②

بارلىق ئادەملەردە باشقىلارنىڭ ئىتراپىغا ئېرىشىشنى، باشقىلار تەرىپىدىن ۋاي دېيىلىشنى، ماختىلىشنى، ئالقىشلىنىشنى، رىغبەتلەندۈرۈلۈشنى ۋە كۆڭۈل بۆلۈنۈشنى ئىستەيدىغان تەبىئىي ئېھتىياج بار. قەدىمكى ئەپسانىلەردە "ھەر ئىنساننىڭ پېشانىسىگە ‹ماڭا بىر دىققەت قىلىپ قويسىلا، مەندىن پەرۋاسىز ئۆتۈپ كەتمىسىلە!› دېگەن بىر جۈملە سۆز يېزىلغان بولىدۇ، دېيىلگەن. (گەرچە بۇ ئەپسانىلەردىكى سۆز

① سۈرە بەقەرە 82-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

② بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

بولسىمۇ، ئەمما ئىنساننىڭ ئىچكى تۇيغۇسى ۋە يوشۇرۇن ئېڭىدىكى تەبىئىي ئېھتىياجنى ئىپادىلەپ بەرگەن.)

ئۇچرىغان كىشىلەرگە سالام بېرىش ۋە تەبەسسۇم قىلىش، ئەھۋال سوراش، رەنجىتىپ قويغان بولساق كەچۈرۈم سوراش، بېشىغا كۈن چۈشكەنلەرگە دەرھال ياردەم بېرىش، ياخشىلىقلىرىغا مەدھىيە ئوقۇش ۋە ئۇتۇقلىرىنى تەبرىكلەپ قويۇش... مانا بۇلار بىزنىڭ باشقىلارغا بولغان ئېھتىرامىمىزنى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىمىزنى ئىپادىلەيدىغان ئىشلاردۇر.

ئى سۆيۈملۈك ياشلار، سىلەر تەكەببۇرلۇق، باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىق ۋە پەرۋاسىزلىق... قاتارلىق ناچار ئادەتلەردىن ساقلىنىڭلار. بىر دانىشمەن مۇنداق دېگەنىكەن: ″تەكەببۇر ئادەم تاغقا چىقىۋالغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. ئۇ تاغ چوققىسىدا تۇرۇپ باشقىلارنى كىچىك كۆرىدۇ، شۇنىڭدەك باشقىلارنىڭ كۆزىگىمۇ كىچىك كۆرۈنىدۇ.″ تەبىئىيكى بىز تەكەببۇرلۇق ۋە ھاكاۋۇرلۇقىمىز بىلەن ھېچقاچان باشقىلارنىڭ سۆيگۈسىگە ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشەلمەيمىز. بىزنىڭ دىنىي قائىدە-يوسۇنلىرىمىزدا ئۆزئارا ھۆرمەت-ئېھتىرامغا ۋە بىر-بىرىگە بولغان كۆڭۈل بۆلۈشكە ئالاھىدە رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

بىز ئۆزىمىزدە نومۇس تۇيغۇسى يېتىلدۈرۈشكە تولىمۇ ئېھتىياجلىق. يەنى قەدىمىمىز نالايىق يوللارغا توغرىلانغان ھامان نومۇس تۇيغۇمىز بىزگە دەرھال سىگنال بېرىپ ئاگاھلاندۇرالايدىغان بولسۇن ۋە بىزنىڭ بۇنداق ئىشلاردىن ئۇستۇن ئىكەنلىكىمىزنى، بۇ ئىشلارنىڭ بىزگە ماس كەلمەيدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ تۇرسۇن. مانا شۇنداق بولغاندا باشقىلارنىڭ بىزگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىدىن قەتئىينەزەر ئىستىخىيىلىك ھالدا بىز باشقىلارغا ھۆرمەت ۋە ئىكرام بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان، ئۆزىمىزگە نامۇناسىپ يوللاردا يۈرۈپ قالمايدىغان بولالايمىز.

شۇنىڭدا شەك يوقكى، جەمئىيىتىمىزدە ئالاھىدە ھۆرمەتكە ۋە قەدىر-قىممەتكە مۇناسىپ نۇرغۇن كىشىلىرىمىز بار. مەسىلەن: ئاتا-ئانىلىرىمىز، ئوقۇتقۇچىلار، مويسىپىتلەر، ۋەتەن، مىللەت ۋە خەلق ئۈچۈن ئۈن-تىنسىز تۆھپە قوشقۇچىلار... قاتارلىقلار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ″چوڭلىرىمىزنى ھۆرمەتلىمىگەنلەر، كىچىكلىرىمىزنى ئىززەتلىمىگەنلەر، ئالىملىرىمىزنىڭ قەدرىنى بىلمىگەنلەر بىزدىن ئەمەس.″ [1]

[1] ئەھمەد رىۋايەت قىلغان، ھەسەن ھەدىس.

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مويسپىت مۇسۇلمانلارنى ھۆرمەتلەش؛ ئەمەلدە چەكتىن ئېشىپ كەتمىگەن، قۇرئاندىن چەتنىمىگەن قارى قۇرئانلارنى ھۆرمەتلەش ۋە ئادىل ھۆكۈمدارنى ھۆرمەتلەش... قاتارلىقلار ئاللاھنى ئۇلۇغلاشنىڭ جۈملىسىدىندۇر»[1].

بۇ مەكتۇپنىڭ قىز ـ يىگىتلەرگە قارىتا مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ناۋادا سىلەر ھۆرمەت ۋە ئېھتىرامغا سازاۋەر بولاي دېسەڭلار، باشقىلارغا رەھىمدىللىق قىلماڭلار. دىلى سۇزۇك، تۇيغۇسى نازۇك، ئالىيجاناب كىشىلەر رەھىمسىز ئادەملەرنى قوبۇل قىلالمايدۇ. شۇنداقلا ئىككى يۈزلىمچى، ئۆزگىرىشچان كىشىلەرنى ياخشى كۆرمەيدۇ. سىلەر ھەممە ئادەمگە ئۆزىگە لايىقىدا ئېھتىرام قىلىڭلار. سەۋرچان بولۇڭلار. باشقىلارنى چۈشىنىشكە تىرىشىڭلار. باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىڭلار. مۇشۇنداق پەزىلەتلەرنى يېتىلدۈرسەڭلار ھەممە كىشىنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ۋە قەدىرلىشىگە مۇيەسسەر بولالايسىلەر.

2. باشقىلارنىڭ تىرىشچانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈڭلار، ئۇلارنىڭ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىڭلار، ئۇلارنىڭ ئېتىقادى ۋە تالانتىنى ئېتىراپ قىلىڭلار. ئەلۋەتتە بۇلار شەرئەت يول قويغان رامكىدا بولىشى.

3. سۆزلىگەندە ئەڭ گۈزەل ئىبارىلەرنى تاللاپ ئىشلىتىڭلار. باشقىلار سۆزۈڭلاردىن ئۆزۈڭلارنى كۆرىدۇ. "تىل دىلنىڭ ئەينىكى" دېگەن گەپ بار. ئۆزۈڭلارغا نامۇناسىپ، پەس ـ پەلەڭ سۆزلەردىن، شۇنداقلا كوچا لۈكچەكلىرى، سايىقالار ۋە ئالقاپلار ئىشلىتىدىغان سۆز ـ ئىبارىلەردىن ساقلىنىڭلار.

4. گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىڭلاردا باشقىلارنى بىئارام قىلىپ قويۇشتىن، ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويۇشتىن ۋە باشقىلار ياقتۇرمايدىغان ۋە قوبۇل قىلالمايدىغان ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى سادىر قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار. ھەر بىر ئىشىڭلاردا ئۆزۈڭلارغا خاس سالاپەت ۋە نازاكىتىڭلار جىلۋىلىنىپ تۇرسۇن. كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە ياشاش سەنئىتىگە ئالاقىدار ئەسەرلەرنى ئوقۇپ قويۇڭلار.

- داۋامى كېيىنكى ساندا...

[1] ئەلبانى (4053): ھەسەن، ــ دېگەن.

# ژۇرنىلىمىزنىڭ ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى ۋاكالەتچىلىرى

| دۆلەت | ئالاقىلاشقۇچى | تېلېفون نومۇرى |
|---|---|---|
| ئامېرىكا | نۇرىددىن ھاجىم | 0015712161352 |
| كانادا | تۇيغۇن ئابدۇۋېلى | 0004077672770 |
| شۋېتسارىيە | ئاندىلى مۇھەممەد كەرىم | 0040676224606 |
| نورۋېگىيە | ئۆمەرجان ھاجىم | 004740557071 |
| ئاۋىستىرالىيە | ئابدۇسالام قارىم | 0061413550840 |
| شۋېتسىيە | ئەھمەد تۇرسۇن | 0046735710908 |
| گېرمانىيە | تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن | 00491761038276 |
| گوللاندىيە | ئابدۇرېھىم غېنى | 0031619965958 |
| فىنلاندىيە | ئابدۇلھەفىز قارىم | 00358409524426 |
| ياپونىيە | تۇرمۇھەممەد ھاشىم | 00818041968973 |
| تۈركىيە | ئابدۇلجېلىل تۇران | 0090532414055 |
| ئوتتۇرا ئاسىيا | يارمۇھەممەد قارىم | 0077017410435 |
| مىسىر | زەئىم مەنسۇر | 0020111432366 |
| سەئۇدى ئەرەبىستان | مەمتىمىن قارىم | 00966502382971 |